بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# تىل ـ ئەدەبىيات (2)

لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّهُ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ





بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

ھەمدۇ ـ سانالار بارچىنى يارىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەن، كائىناتنىڭ رەببى ھەم ئىنسانلارنىڭ رەببى بولغان يېگانە ھەقىقى ئىلاھ ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەيمىز. دۇرۇت سالاملىرىمىز رەببىمىز رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇنكى، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغفىرىتى ياغسۇن، ئاللاھ بىزنى ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلسۇن، ئامىن!

ھۆرمەتلىك قېرىنداش، قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈممەتنىڭ كەلگۈسى، ھەق دىنىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن تەييارلىدۇق. مەزكۇر دەرسلىكنى توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ باشلانغۇچ 3 ـ يىللىق باسقۇچىدىكى بالىلارنىڭ(10 ـ 9 ياشلىق) سەۋىيىسىگە ئاساسەن، مۇكەممەل ئىسلامىي تەربىيە ئۈچۈن مەجبۇرىي مائارىپ دەرسلىكىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ تۈزدۇق.

مائارىپ پىروگراممىسىدا، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى بالىلارنىڭ ئەقلى ۋە ئەخلاقى تەربىيىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار تىل ئىشلىتىش قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، تېكىستلەرگە سىڭدۈرۈلگەن قىممەت قاراشنى تەڭ قوبۇل قىلىپ ماڭىدۇ. قولىڭىزدىكى دەرسلىكنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلامىي قىممەت قاراشنى ئاساس قىلىپ، بالىلارنىڭ تىلنى چۈشىنىش، ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەش ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلدۇق. مەزكۇر ئىككىنچى قىسىم كىتابىمىزدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىستلەرنى چۈشىنىشىگە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، تېكىست مەزمۇنى ھەققىدە ئاددىي كىچىك سوئاللارنى قويدۇق، بۇنىڭ بىر نەچچە چوڭ سوئالنىلا قويغاندىن ئۈنۈمى تېخىمۇ

ياخشى بولىشىنى كۆزدە تۇتتۇق. لېكىن بۇ كىتابىمىزمۇ يەنىلا نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. ئەمما ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، مەزكۇر دەرسلىك مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنى ئىسلامىي ئاڭ بىلەن تەربىيلەپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئېچىپ تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەشتە ئەھمىيەتلىك دەرسلىك بولۇپ چىقىپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. دەرسلىكنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك چىقىشى ئاللاھنىڭ ياردىمىدۇر، ئۇنىڭدىكى نۇقسانلار بىزدىندۇر. ئاللاھ يولىدىكى تەربىيەتچى ئۇستازلارنىڭ دەرسلىكلەردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزۈتۈپ پايدىلىنىشنى ۋە بىزنى خالىس دۇئالىرىدا ئەسلەپ قويۇشنى سورايمىز. ئاخىرىدا رەببىمىزنىڭ بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، بۇ ئەمگىكىمىزنى قوبۇل قىلىشىنى، ئۇنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن سورايمىز، ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاھقا خاستۇر.

اللهنىڭ ئۇماق، ئەركە بەندىلىرى بولغان ئى باللار، بىز سىلەرنى الله يولىدا تولىمۇ ياخشى كۆرىمىز. چۈنكى سىلەر اللهغا ۋە رەسۇلىغا چىن ئىمان كەلتۈرىدىغان، الله ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان، ھەق دىنىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىجراچىسى ۋە دەۋەتچىسىلەر. سىلەرنىڭ بۇ شەرەپلىك ۋە بۈيۈك ۋەزىپىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئورۇنداپ، اللهنىڭ رازىلىقىغا، رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزدۇق، ئۈمىدكى بۇ دەرسلىكلەر سىلەرنى تەۋھىد يولىدا مۇستەھلەم تۇرۇشۇڭلارنىڭ بىر خىل ئۇزۇقى بولسۇن، ھەق يولدا توختىماي ئىلگىرلەڭلار، كەلگۈسى سىلەرنىڭ ئىخلاسىڭلار ۋە ياخشى ئەمەللىرىڭلار بىلەن ئىسلامغا مەنسۇپ !

2013 ـ يىلى 10 ـ ئاي

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مۇندەرىجە

## 1 ـ بۆلەك كۆز


1. كۆز كەلدى..........7
2. پەسىللەرنىڭ ھېكايىسى..........9
3. كۆز پەسلىدىكى بەرىكەت..........13
مەشىق باغچىسى..........15


## 2 ـ بۆلەك ئىخلاس


4. مۆئمىننىڭ ئەڭگۈشتىرى ـ ئىخلاس..........18
5. ئىخلاس ـ ھەقىقەتنىڭ تەقەززاسى..........21
6. ئىخلاسمەن ئۆلگىلەر..........24
مەشىق باغچىسى..........28


## 3 ـ بۆلەك گۈزەل ئارزۇلار


7. مۆئمىن بالىنىڭ ئارزۇسى..........32
8. كىلىڭلار، جەننەتنى تەسەۋۋۇر قىلايلى..........36
9. شەيتانىي ئارزۇ ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى..........39
مەشىق باغچىسى..........43


## 4 ـ بۆلەك مەسئۇلىيەتچانلىق


10. ھەممەيلەن پادىچى..........46
11. ئەركىنلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق..........49
12. مەسئۇلىيەتچانلىق ئۆلگىلىرى..........52
مەشىق باغچىسى..........55




ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

5 ـ بۆلەك   اللەنىڭ نېئمەتلىرى


13. رەھمەت يامغۇرلىرى........................................58

14. رەھمەت نۇرلىرى........................................61

15. تائامىڭىزغا قاراپ بېقىڭ........................................64

مەشىق باغچىسى........................................67


6 ـ بۆلەك   پىداكارلىق


16. بارلىقىم اللە ئۈچۈن........................................70

17. جەننەتكە ئالدىرىغان بالىلار........................................73

18. تىرىك شېھىت........................................76

مەشىق باغچىسى........................................79


7 ـ بۆلەك   تارىخقا نەزەر


19. تارىختىكى ئۈلگىلەر........................................82

20. تارىختىكى زىيان تارتقۇچىلار........................................86

21. ئورەك ئىگىلىرى........................................89

مەشىق باغچىسى........................................93


8 ـ بۆلەك   سەبىر ـ چىدامچانلىق


22. اللە سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر........................................97

23. سەبىر نېمىدىگەن ياخشى نېئمەت........................................100

24. ئەھزاب ئۇرۇشىدىكى چىدامچانلىق........................................103


مەشىق باغچىسى........................................107

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**1 ـ بۆلەك**

# كۈز



بىز باھار پەسلىدە زېمىننىڭ اللەنىڭ رەھمەت يامغۇرى بىلەن تىرىلىپ، خىلمۇ ـ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈنۈپ چىققانلىقىنى، رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، گۈللەردىن گۈللەرگە قونۇپ ئەستايىدىل ئىشلەۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرىنى كۆرگەن ئىدۇق. ياز پەسلىدە بولسا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ بۈك ـ باراقسان بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆرۈك، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلارنىڭ مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. ئەمدى كۈز پەسلىدە نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمىز؟ كۈز پەسلىدە بۇغدايدىن كېيىن دان ئالغان قوناقلارنىڭ ساپسېرىق بولۇپ پىشقانلىقىنى، ئۈزۈم، شاپتۇللارنىڭ مەي باغلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ سارغىيىشقا باشلىغانلىقىنى، ئەتىگەن ـ كەچلەردە ھاۋانىڭ خېلى سوۋۇپ قالغانلىقىنى بايقايمىز. كېلىڭلار، بىز بىرلىكتە اللەنىڭ كۈز پەسلىدىكى نېئمەت ۋە قۇدرەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# 1.كۆز كەلدى





اللەنىڭ رەھمىتى بىلەن ئالتۇن قۇياش نۇرلىرىنى پۈتكۈل زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا. ئېتىزلاردىكى ئەسكەرلەردەك تىزىلىپ، تىك تۇرىۋاتقان قوناقلارنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغانىدى. سۈيۈملۈك ئانا ئۇماق بوۋاقلىرىنى كۆتۈرىۋالغاندەك، قوناقلارمۇ قوناق باشاقلىرىنى كۆتۈرىۋالغان ئىدى. قوناقلارنىڭ «بالىلىرى» ئەجەپ تېمەن، سېمىز كۆرۈنىدۇ. اللە قوناقلاردىن مول - ھوسۇل ئاتا قىلغۇدەك جۇمۇ!

ئۈزۈم تەكلىرىدىن مارىلاپ تۇرغان ئۈزۈملەر كۈن نۇرىدا پارقىراپ، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. قىپقىزىل قىزارغان قىزىل ئۈزۈملەر، سۈزۈلۈپ پىشقان كىشمىش ئۈزۈملەر، كۆپكۈك بولۇپ پىشقان كۆك ئۈزۈملەر، ساڭگىلاپ چۈشكەن مۇناقا، سەيۋىلەر ئېغىزغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ۋاھ! نېمانچە مول، شىرىن نېئمەتلەر بۇ!

باغلاردىن شاپتۇل، ئالما، بېھىلەرنىڭ خۇش ھىدلىرى تارقالماقتا. يازدىن بېرى كۆپكۈك، تۇرغان غورىلار ئەمدى ساپسېرىق، قىپقىزىل رەڭلەرگە كىرىپ ، مەي باغلاپ پىشىپ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. يۇمشاپ پىشقان سۇلۇق ياما شاپتۇل، قىزىل، چوڭ ئالمىلارنىڭ تەمى تىلىمىزدا قالسا، ساپسېرىق بېھىلەرنىڭ خۇش ھىدى دىلنى شادلاندۇراتتى. مەي باغلاپ پىشقان كۈزلۈك قوغۇنلار تاتلىقلىقىدا تىلنى ياراتتى. بۇنداق

www.uyghurkitap.com

لەززەتلىك، مول نېئمەتلەرنى ھەقسىز بەرگەن ئاللە پاكتۇر.

---

ھەممە ئالدىراش ئىشلىمەكتە. دېھقانلار ئېتىزلاردىن ھوسۇللارنى يىغىپ، ئېتىزلارنى قايتىدىن تېرىشقا تەييارلىق قىلماقتا. باغلاردىن مېۋىلەر يىغىۋېلىنماقتا، تەكلەردىكى قىزىرىشماقتا، باھاردا قاقاسلىقتىن يېشىللىققا پۈركەنگەن زىمىن ئاستا ـ ئاستا يەنە سېرىقلىققا، قاقاسلىققا ئايلانماقتا. ئاللە باھار پەسلىدە يوقتىن بار قىلىپ ئۇندۇرۇپ بەرگەن نەرسىلەر ئۆز نەتىجىلىرىنى يەنى مېۋىلىرىنى تەقدىم ئەتكەندىن كېيىن ، يەنە سارغايغان ئوت ـ چۆپلەرگە ئايلىنىپ، چىرىپ كېتىدۇ. ئاللە يېڭىدىن ھاسىل بولغان ئۇرۇقلارنى يەنە بىر قېتىم تىرىلدۇرۇپ، يۇقىرىقى جەرياننى يەنە تەكرارلايدۇ، ئاللە نېمىدېگەن ماھىر ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى ـ ھە!

كۈز پەسلىدە بىزگە چوڭ ئىبرەتلەر بار. زېنغا ھاياتلىق بەرگەن زات ئۇنىڭدىن ھاياتلىقنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، ئۆلۈك ھالەتكە قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قايتا ھاياتلىق بېرىپ، ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللە ئۆلۈم ئارقىلىق بىزدىن ھاياتلىقنى قايتۇرىۋالىدۇ، بىزنىڭ بەدەنلىرىمىز چىرىيدۇ، قىيامەت كۈنىدە بىزگە قايتىدىن ھاياتلىق بېرىپ، تىرىلدۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. تەبىئەتنىڭ رەببى بولغان ئاللە پاكتۇر! ھەممىمىز ئاللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى جانلىق، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

تىمەن ھوسۇل قاماشتۇرماق مەي باغلىماق تىلنى يارماق لەززەتلىك

پۈركىنىش نەتىجە تەقدىم قىلماق دەرگاھ

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

تىمەن ــــــــــ،ــــــــــ                    لەززەتلىك ــــــــــ،ــــــــــ

قىپقىزىل ــــــــــ،ــــــــــ                    شېرىن ــــــــــ،ــــــــــ

4. جۈملە تۈزۈڭلار.

كۆزنى قاماشتۇرماق   تىلنى يارماق      هوسۇل      تەقدىم قىلماق

5. تېكىستنى قايتا ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) كۈز پەسلىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟

2) كۈز پەسلىدە قانداق مېۋىلەر پىشىدۇ؟

3) كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرىدىكى هالەت بىلەن باهار پەسلىنى سېلىشتۇرۇپ، اللەنىڭ يوقتىن بار قىلغۇچى، ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىڭلار.

6. كۈز پەسلىدە بىزگە قانداق ئىبرەتلەر بار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 2. پەسللەرنىڭ هېكايىسى






بىر كۈنى باهار، ياز، كۈز ۋە قىش ئۆز ـ ئارا سۆهبەتلىشىپ قاپتۇ.

ياپيېشىل كىيىم كىيگەن، بېشىغا هەر خىل گۈل ـ چىچەكلەرنى تاقىۋالغان باهار

www.uyghurkitap.com

چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئەركىلەپ سۆز باشلاپتۇ:

- رەببىم ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، مېنى ھاياتلىقنىڭ ئەلچىسى، پەسىللەرنىڭ بېشى قىلدى. مەندە ھەممە يېڭى، مەن تەبىئەتنىڭ مۇقەددىمىسىدۇرمەن. شۇڭا كىشىلەر «ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن، يىلنىڭ بېشى باھاردىن» دېيىشىدۇ.

توق يېشىل كىيىم كىيىۋالغان، بۇغداي باشاقلىرىدىن تاج كىيگەن، تاج ئۈستىگە پارقىراپ تۇرىدىغان ئۈرۈك، ئالوچىلار تاقىغان، قوللىرىدا تاۋۇز - قوغۇنلارنى كۆتۈرىۋالغان، ئۆزگىچە خۇشپۇراق چېچىۋاتقان ياز باھارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قىزغىنلىق بىلەن جاراڭلىق ئاۋازدا مۇنداق دەپتۇ:

- توغرا دېدىڭ باھار، سەن خۇددى ئەمدى دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاققا ئوخشاش. زېمىن ھاياتلىقىنىڭ باشلانغۇچىسەن، سەندە يېڭىلىق، يۇمرانلىق ۋە سەبىيلىك بار، شۇڭا سەن كېلەچەكنىڭ ئۈمىدىسەن. سەندىن كېيىن ئۇلىنىپلا مەن كېلىمەن، سەندە دۇنياغا كۆز ئاچقان مايسىلار مەندە باراقسانلىشىپ، مېۋە بېرىشكە باشلايدۇ؛ سەندىكى يۇمران كۆچەتلەر مەندە بىجىرىم دەرەخكە ئايلىنىدۇ؛ سەندىكى يۇمران بىخلار مەندە باراخسان شاخچىلارغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، سەندىكى ئۈمىد مەندە رېئاللىققا ئايلىنىشقا باشلايدۇ. سەندە باشلانغان ھاياتلىق مەندە يۈكسەكلىككە يېتىدۇ.

باياتىن بېرى باھار بىلەن يازنىڭ سۆزلىرىنى تەمكىنلىك بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان كۈز،ساپسېرىق ئالتۇنرەڭ تونىنى تۈزەشتۈرۈپ، بويىنىدىكى ۋالىلداپ تۇرغان قوناق دانلىرىدىن تىزىلغان مارجىنىنى سىلىغاچ، قىزىل ئۈزۈم، مۇناقا، كىشمىشلەردىن تاج كىيگەن بېشىنى لىڭشىتىپ، قوللىرىدىكى شاپتۇل، ئالما، بېھى، ئانارلارغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

- راست ئېيتتىڭلار، باھاردا باشلىنىپ، يازدا ئۆسۈپ باراقسانلاشقان ھاياتلىق

مايسىلىرى مەندە نەتىجە سۈپىتىدە مېۋىلەرنى تەقدىم ئېتىدۇ. مەندىكى بۇ شېرىن مېۋىلەر مېنىڭلا شەرىپىم ئەمەس، مايسىلار ۋە بىخلار باھاردا ياشارمىسا، يازدا پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تىمەن ئۆسمىسە، ماڭا كەلگەندە ھەرگىزمۇ بۇنداق ئېسىل مېۋىلەرنى بېرەلمەيتتى. مەندە ھاياتلىق مايسىلىرى باھار ۋە يازدىكى تىرىشچانلىقلىرىغا يارىشا نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

سۆھبەت باشلانغاندىن بېرى سۈكۈت ئىچىدە تۇرغان ئاپئاق قاردىن تون كىيگەن، بېشىغا مۇزدىن تاج تاقىغان قىش سۆھبەتنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى ناھايىتى ياخشى تونۇشتۇردۇڭلار، باھاردا باشلاپ، يازدا گۈللەپ، كۈزدە مېۋە بېرىپ ھاياتلىقنى ئاخىرلاشتۇرغان زېمىن ھاياتلىقى مەندە چىرىپ، زېمىن تۇپرىقىغا قايتىدۇ، ھەممە اللەنىڭ ھۆكمىنى ساقلاپ، تىمتاس سۈكۈتكە چۆكىدۇ، مانا مەندە ھەممىنىڭ اللەنىڭ مەخلۇقاتى ئىكەنلىكى ئېنىق نامايەن بولىدۇ. مەۋجۇداتلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا بەرگەن مېۋىلىرىگە قاراپ ئەھمىيىتى بولىدۇ. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئىنسانلارغا ياخشى بىر ئىبرەتتۇر. باھار ئىنساننىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئوخشىسا، ياز بولسا ياشلىق مەزگىلىگە ئوخشايدۇ، كۈز بولسا ئىنساننىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىغا ئەڭ لايىق بولغان قىرانلىق دەۋرىگە ئوخشىسا، مەن قىش ئىنساننىڭ ئۆلۈمگە ئۇلاشقان قېرىلىق مەزگىلىگە ۋە ئۆلۈم ئارقىلىق يۆتكىلىدىغان بەرزەخ ھاياتىغا ئوخشايمەن. رەببىمىز اللە ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىباندۇر.

باشقىلارمۇ قىشنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ:«بەرھەق، ھېكمەتلىك اللە ئۇلۇغدۇر، بارچە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر!» دېيىشىپ سۆھبىتىنى تاماملاپتۇ.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار، ئاندىن روللارغا بۆلۈپ ئوقۇڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

سۆھبەتلەشمەك مۇقەددىمە قىزغىنلىق بىلەن جاراڭلىق سەبىيلىك كىلەچەك رىئاللىق يۈكسەكلىك تەمكىنلىك شەرەپ تىمتاس نامايەن ئەھمىيەت قىرانلىق بەرزەخ

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

چۈچۈك ______، ______ جاراڭلىق ______، ______ قىزغىن ______، ______

سەبىي ______، ______ يۈكسەك ______، ______ ئاپئاق ______، ______

4. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) باھار قانداق كىيىنگەن؟ ئۇ ئۆزىنى قانداق تونۇشتۇردى؟ ئىنسان ھاياتىنىڭ قايسى دەۋرىگە ئوخشايدۇ؟

2) ياز قانداق كىيىنگەن؟ ئۇ ئۆزىنى قانداق تونۇشتۇردى؟ ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ قايسى دەۋرىگە ئوخشايدۇ؟

3) كۈز قانداق كىيىنگەن؟ ئۇ ئۆزىنى قانداق تونۇشتۇردى؟ ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ قايسى دەۋرىگە ئوخشايدۇ؟

4) قىش قانداق كىيىنگەن؟ ئۇ ئۆزىنى قانداق تونۇشتۇردى؟ ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ قايسى دەۋرىگە ئوخشايدۇ؟

5. تېكىستتىكى دىئالوگنى چۈشىنىپ يادلاپ، رول ئېلىپ ئورۇنلاڭلار.

6. تۆت پەسىلنى ئىنسان ھاياتىغا ماسلاشتۇرۇپ ئويلىنىڭلار ۋە ئاغزاكى بايان قىلىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 3. كۆز پەسلدكى بەركەت





**(1)**

كۆلۆپ كەلدى ئالتۆن كۆز،
اللەنىڭ <u>ئىزنى</u> بىلەن.
چۆمدى دىللار شادلىققا،
اللەنىڭ رەھمىتى بىلەن.

**(2)**

ئېتىزلاردا سارغايغان قوناق،
<u>يالتىرايدۇ</u> ئالتۆنرەڭ دانلار.
دېھقان ئاكا بەكمۇ ئالدىراش،
زەپ قاينىغان ئېتىزدا ئىشلار.

(3)

مەي باغلىغان قىزىل ئۆزۆم،
سۆزۆلگەن مۆناقا، كىشمىش.
تەمى تىلنى يارار بالدەك،
تەنگە <u>قۇۋۋەت</u>، ئېسىل يىمىش

(4)

باغلاردىن كېلۆر خۆش پۆراق،
ئوخشاپ كەتكەچ شاپتۆل ۋە ئالما.
يىگىن، <u>ھوزۆر</u> ئالغىن، ۋە لېكىن
رەببىڭنى ھەرگىز ئەسلىمەي قالما.

(5)

ئەجەپ ئېسىل، مول نىئمەتلەر،
تەمى شىرىن، <u>تۆرى</u> سانسىز.
ھەمدۇ ـ سانا بولسۆن رەببىمگە.
ئاتا قىلدى بۆلارنى ھەقسىز،

(6)

دەرەخلەر سارغىيىپ گۆزەل،
تۆكۆشمەكتە سېرىق <u>ياپراق</u>.
ئاخىرلاشقاچ ئۆمرى ئۆنىڭ،
ئايرىلماقتا چىكىپ <u>پىراق</u>.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(7)

ھەممە قايتار رەببىگە،

ۋىدالىشىپ بۇ دۇنيادىن.

ئالدىراڭ سالىھ ئەمەلگە،

تىلەپ جەننەتنى اللەتىن.

كۆنۈكمە

1. شېئىرنى راۋان، ھېسسىياتلىق دىكلىماتسىيە قىلىڭلار.

2. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

3. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

ئىزىن يالتىراش قۇۋۋەت ھوزۇر تور ياپراق پىراق ۋىدالىشىش سالىھ

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

پىراق شېرىن قۇۋۋەت ھوزۇر سالىھ

5. كۇز پەسلىدىكى نېئمەتلەرنى بايان قىلىڭ.

6. كۇز پەسلىنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىڭلار.

7. كۇز مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بىر پارچە يېزىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، بېرىلگەن مېۋىلەرنى تەسۋىرلەڭلار.

رەڭگى: قىپقىزىل، ساپسېرىق، سۈزۈلگەن، يالتىرىغان، قىزارغان.

تەمى : شېرىن، تىلنى يارىدىغان، ئېغىزغا سۇ كەلتۈرىدىغان، بالدەك تاتلىق

مېۋىلەر: قىزىل ئۈزۈم، شاپتۇل، ئالما، كىشمىش ئۈزۈم، قوغۇن.

2. تۆۋەندىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەسلەڭلار.

تىمەن    قاماشتۇرۇش    مەي باغلاش    تەقدىم قىلماق    دەرگاھ<br>
سۆھبەتلەشمەك    كىلەچەك    رىئاللىق    نامايەن    ئەھمىيەت<br>
قىرانلىق    بەرزەخ    ئىزىن    يالتىراش    ياپراق    ۋىدالىشىش    سالىھ

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

تىمەن ______، ______ قاقاس ______، ______ تىمتاس ______، ______<br>
ئالتۇنرەڭ ______، ______ جاراڭلىق ______، ______ يۈكسەك ______، ______<br>
سالىھ ______، ______ ______، ______ ياپراق   شىرىن ______، ______

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

تەقدىم قىلماق     سۆھبەتلەشمەك     ھوسۇل<br>
نامايەن بولماق     ئەھمىيەت     قۇۋۋەت     سالىھ

5. تۆۋەندىكى رەسىمدىكى مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ بىر ئابزاس يېزىڭلار.

www.uyghurkitap.com



6. كۈز پەسلىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەسۋىرلەپ پىكىر بايان قىلىڭلار.

1) كۈز پەسلىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟

2) كۈز پەسلى نېمە ئۈچۈن باھار، ياز پەسىللىرىدىن كېيىن كېلىدۇ؟

3) سىزنىڭچە كۈز پەسلى بولمىسىمۇ بولامدۇ؟

4) بىرەر نەتىجە ئۆزلىكىدىن كېلەمدۇ ياكى ئۇ تىرىشىپ ئىشلىگەندىن كېيىن كېلەمدۇ؟ كۈز پەسلىنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرۈڭ.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**2 ـ بۆلەك**

# ئىخلاس







الله ياخشى ئەمەللەرنى قوبۇل قىلىدىغان شەرت ئىخلاستۇر. يەنى الله ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ . ئۇماق قېرىنداشلار، سىلەر ئىخلاسنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئىخلاس دېگەن سۆزنىڭ لوغەت مەنىسى « ساپ، خالىس » دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىخلاسنىڭ دىنىمىزدىكى تەبىرى بولسا، ئەمەللەرنى قىلىشتىكى نىيەت ـ مەقسەتلەر پەقەت الله رازىلىقى بولۇشتۇر. يەنى ئەمەللەرنى پەقەت الله ئۈچۈن قىلىشتۇر. ئىخلاسمەن بەندە ئۆزىنى اللەقا بېغىشلىغان سادىق بەندىدۇر، ئۇ الله ئۈچۈن سۆزلەيدۇ، الله ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، قىسقىسى، الله ئۈچۈن ياشايدۇ. ئۇماق قېرىنداشلار، سىلەرنىڭمۇ ھەر بىر ئەمەلنى سەمىمىي ھالدا پەقەت الله ئۈچۈن قىلىدىغان ئىخلاسمەن مۆئمىن بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 4. مۆئمىننىڭ ئەڭگۈشتەرى ــــ ئىخلاس

مۆئمىن ــ اللەنى مۇستەقىل ھالدا ھەممىنى ياراتقان، ھەممىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى، ھەممىنىڭ يېگانە ئىگىسى دەپ ھەق تونىغۇچىدۇر. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇمۇ اللەنىڭ مەخلۇقىدۇر، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولسا اللە ئاتا قىلغان بارچە نېئمەتلەردىن پايدىلىنىپ، اللەقا خالىس ئىبادەت قىلىشتۇر. مۆئمىن اللەنىڭ قۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ياكى باشقىلار ئۇچۇن، ياكى بىرەر نەرسە ئۇچۇن ئىش-ئەمەل قىلىشى ھەقسىزلىقتۇر. شۇڭا مۆئمىننىڭ ھايات غايىسى پەقەت اللە رازىلىقى بولۇشى كېرەك.

اللە بىزنى نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرگە بۇيرىدى. بۇ ياخشى ئەمەللەردە بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ پايدا-مەنپەئەت بار، بىراق ئۇنىڭ ھەقىقىي نەتىجىسى بولسا اللەنىڭ قوبۇل قىلىپ ساۋاپ ئاتا قىلىشىدۇر. بەزى كىشىلەر زاھىرىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، كۆڭلىگە باشقا مەقسەت- مۇددىئالارنى پۈككەن بولۇشى مۇمكىن. سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىللەتتىن بىزنى ئاگاھلاندۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ :"ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، ھەر كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگىلا ئېرىشىدۇ، كىمكى اللە ۋە رەسۇلى ئۇچۇن ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھىجرىتى اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇچۇن بولغان بولىدۇ. كىمكى دۇنياغا يېتىش ئۇچۇن ياكى بىرەر ئايالغا ئۆيلىنىش ئۇچۇن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى شۇ نەرسە ئۇچۇن بولغان بولىدۇ.» بۇ ھەدىس بىزنى خالىس نىيەتلىك بولۇشقا كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا مەككىلىك مۇسۇلمانلار اللەنىڭ دىنىنى تىكلەش ئۇچۇن، ئۆز

يۇرتلىرىنى، ئۆيلىرىنى، ماللىرىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاشلاپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار يەنى ئەنسارىلار ئۆزلىرىنىڭ دىيارىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارغا ئۆيلىرىنى، ماللىرىنى بۆلۈپ بەردى، ھەتتا ئاياللىرىنىمۇ ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىجرەت قىلىشتىكى چىن مەقسىتىنى ئۇنۇتماسلىقنى، مەدىنىدە ئېرىشكەن دۇنياۋي ياخشىلىقلارغا بېرىلىپ كەتمەسلىكنى ئەسكەرتكەن. ھىجرەتتىن ئىبارەت مۇھىم ئەمەلنىڭمۇ قۇبۇل بولۇشى ئۈچۈن نىيەت ساپ ھالدا الله رازىلىقى ئۈچۈن بولىشى كېرەك بولسا، باشقا ھەر قانداق ئەمەل ئۈنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئەلۋەتتە. ھەتتا الله يولىدا جانلىرىنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىش، قۇرئان ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، پۇل ـ ماللىرىنى الله يولىدا سەرپ قىلىشتەك الله ياخشى كۆرىدىغان كاتتا ئەمەللەرمۇ پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنمىسا، اللەنىڭ دەرگاھىدا ھېچقانداق ساۋاپقا يارىمايدۇ.

ئىخلاس قەلب بىر اللەقا يۈزلەنگەندە ھاسىل بولىدۇ. قەلبىنىڭ ئېتىبار بېرىدىغىنى پەقەت الله بولغاندىلا، ئىخلاس قەلبتە مەھكەم ئورۇن ئالىدۇ. ئىخلاسمەن بەندىلەردىن بولۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت نىيەتلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ، تۈزەپ تۇرىشىمىز كېرەك. اللەنى ھەقىقى *رەۋىشتە* تونىغان قەلب اللەقا خالىس يۈزلىنىدۇ.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

www.uyghurkitap.com

ئەڭگۈشتەر مۇستەقىل خالىس ھەقسىزلىق غايە زاھىرىي مەقسەت

مۇددىئا ئىللەت باغلىق مۇستەسنا پەيدا قىلماق يۈزلەنمەك ئېتىبار

بەرمەك مەھكەم رەۋىش

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

خالىس ______، ______ غايە ______، ______

مەھكەم ______، ______ مۇستەقىل ______، ______

______، ______ نىيەت ______، ______ ئىللەت

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

مۇستەقىل غايە پەيدا قىلىش يۈزلىنىش ھاسىل بولۇش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) اللەنىڭ ئەمەللەرنى قوبۇل قىلىشىدىكى شەرت نېمە؟

2) مۆئمىن نېمە ئۈچۈن ھەر بىر ئەمەلنى اللە ئۈچۈن قىلىشى كېرەك؟

3) دۇنيالىق مەنپەئەتنى كۆزلىگەن ياخشى ئەمەلنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ مەسىلەن، باشقىلارنىڭ قارى دەپ ھۆرمەتلىشى ئۈچۈن قۇرئان يادلىغان كىشىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟

4) ئىخلاس قانداق ھاسىل بولىدۇ؟

6. تېكىستتىكى ئەڭ ئاخىرقى جۈملىسىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىڭلار.

7. تېكىستتىكى ھەدىسنى چۈشىنىپ يادلىۋېلىڭلار ۋە ئەمەلىيىتىڭلارغا تەدبىقلاڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 5.ئىخلاس ـ ھەقىقەتنىڭ تەقەززاسى




ئەقىللىق مۇسۇلمان باللار، بىز ئالدىنقى كىتابىمىزدا راستچىللىق توغرىسىدا توختالغاندا، ھەقىقەتنىڭ بار بولغان نەرسە ياكى ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ئىدۇق. ئەمدى بىز ھەقىقەتنىڭ(يەنى بارلىق مەۋجۇدلۇقنىڭ) ئىخلاسنى كۈچلۈك تۇردە تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىمىز. سىلەر قۇرئان كەرىمدىكى ئىخلاس سۈرىسىنى ئۆگەندىڭلار، سۈرە ئىخلاسنىڭ تەرجىمىسى: «ئېيتقىنكى ، ئۇ اللە بىردۇر، ھەممە اللەقا مۇھتاجدۇر، ئۇ تۇغقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ». سىلەر نىمە ئۈچۈن بۇ سۈرىنىڭ «ئىخلاس» دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

اللە بۇ سۈرىدە دۇنيادىكى تۈپ ھەقىقەتنى بايان قىلغان. بۇ ئاساسىي ھەقىقەت بولسا اللەنىڭ بىرلىكىدۇر. اللە خاس ھالدا يەككە-يېگانىدۇر. ھەممە ئادەم، ھەممە جانلىق ھەممە نەرسە ئېنىرگىيىگە ئېھتىياجلىق، بۇ جەھەتتىن ھەممە مەخلۇقات ئوخشاشلىققا ئىگە، اللە بولسا ھېچ نەرسىگە

www.uyghurkitap.com

مۇھتاج ئەمەس. دېمەك، اللە ھېچقانداق بىر مەخلۇقاتقا ئوخشاش ئەمەس. ھەممە جانلىق كۆپىيىدۇ، ھەر قانداق نەرسىنىڭ جۈپتى، ئوخشاشلىرى بار، ئەمما اللە تۇغۇلغان ئەمەس، اللە بالىسى بولۇشتىن پاكتۇر. اللە ھەممىنى ياراتقان خالىقتۇر، بارلىق ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىدۇر. شۇنداق بولغانىكەن، ھېچقانداق بىر مەخلۇقات اللەقا تەڭداش بولالمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇكى، يەككە-يىگانە ياراتقۇچى، ئىدارە قىلغۇچى پەقەت اللەلا ھەقىقىي ئىلاھتۇر. اللەتىن باشقا ھەممىسى مەخلۇقتۇر، بەندىدۇر. اللە مۇستەقىل ئىگىدۇر، اللەتىن باشقا بارچە اللەنىڭ مۈلكىدۇر، ئۇنىڭ قۇلى، بەندىلىرىدۇر.

يۇقىرىدا سۈرە ئىخلاسنىڭ مەزمۇنىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىۋالدۇق. سىلەر بۇ سۈرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن نېمىنى ھېس قىلدىڭلار؟ بۇ سۈرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ساغلام ئەقىل ئىگىسىنىڭ قەلبى اللەقا يۈزلەنمەي قالمايدۇ. ھېچبىر تەڭدىشى، ئوخشىشى بولمىغان، ھېچ نەرسىگە مۇھتاج بولمىغان بىر زاتنى بىلىش ئەلۋەتتە قەلبنى ھاياجانغا سالىدۇ، قەلب ئۇنىڭغا تەسلىم بولىدۇ، ئۇنىڭغا دىققەت ئېتىبارى مەركەزلىشىپ قالىدۇ. ئۇنى كۆرۈشكە ئىشتىياق باغلايدۇ. مانا بۇ قەلبنىڭ اللەقا يۈزلىنىشىدۇر. قەلبى اللەقا يۈزلەنگەن كىشى اللە بۇيرىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ياخشى ھالەتتە اللەقا مۇلاقات بولۇشنى ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش دەپ قارايدۇ. قەلبى اللەقا يۈزلەنگەن كىشىنىڭ ئۆز ھاياتىنى اللە رازى بولىدىغان ئىشتىن باشقىغا سەرپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەمدە اللە بۇيرىغان ئەمەللەرنى باشقا بىر مەقسەتلەر ئۈچۈن قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى قەلبى اللەقا يۈزلەنگەن ئىخلاس ئىگىسىنىڭ ھايات غايىسى پەقەت اللە رازىلىقىغا

ئېرىشىشتۇر.

اللەنىڭ ھەق ئىلاھلىقى پۈتۈن مەۋجۇدات گۇۋاھ بولىدىغان ھەقىقەتتۇر. اللەلا ئىلاھ بولغانىكەن، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى بەندىدۇر، مەخلۇقتۇر. ئىلاھ بىلەن مەخلۇق بەندە ھەرگىزمۇ ئوخشاش، تەڭداش ئەمەس. ئىلاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ئۇلۇغدۇر، ئەڭ گۈزەلدۇر، ئەڭ ئېسىلدۇر، بارچە ئەيىپ ـ نوقسانددىن پاك، يۈكسەك، مۇكەممەلدۇر. بەخت ـ سائادەت، ياخشىلىق پەقەت ئۇنىڭ قولىدا. مۇشۇنداق كاتتا زاتنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا يېقىن بولۇش نېمىدېگەن زور بەخت ـ ھە! مانا بۇ ئىخلاستۇر. سۈرە ئىخلاستا بايان قىلىنغان ھەقىقەت ئىنسان قەلبىنى اللەقا يۈزلەندۈرۈپ، اللە ئۈچۈن ياشاشقا، ئۆزىنى بارلىقىنى اللەقا بېغىشلاشقا، بارچە ئەمەللەرنى پەقەت اللە ئۈچۈن قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. بىزگە سۈرە ئىخلاسنى نازىل قىلىپ، بىزنى ئىخلاسقا يېتەكلىگەن اللەقا شۈكرىلەر بولسۇن!

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

تەقەززا ...تۈردە ئېھتىياجلىق مۇھتاج ئىدارە قىلىش تەسلىم بولۇش دىققەت ـ ئېتىبار ئىشتىياق باغلاش مۇلاقەت بولۇش بىردىنبىر بەخت ـ سائادەت بېغىشلاش يېتەكلەش نازىل قىلىش

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزلىرىنى يېزىڭلار.

تەقەززا ______ تەڭداش ______ ياراتقۇچى ______

ئىدارە قىلغۇچى ______ خالىس ______ نىيەت ______

مۇھتاجلىق ــــــــــــ           دىققەت ــــــــــــ

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئېھتىياجلىق      تەقەززا      ئىشتىياق باغلاش      مۇلاقات بولۇش

بارلىقىنى بېغىشلاش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ھەقىقەت دېگەن نېمە؟

2) سۈرە ئىخلاسنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

3) اللە بىلەن باشقا يارىتىلغان مەخلۇقاتلارنىڭ قانداق پەرقلىرى بار؟

6. سۈرە ئىخلاسنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ، چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىڭلار.

7. ئىخلاسنىڭ يەنى قەلبنىڭ اللەقا يۈزلىنىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 6. ئىخلاسمەن ئۆلگىلەر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« شۈبھىسىزكى، اللە سىلەرنىڭ تۇرقۇڭلارغا ۋە تاشقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ». مۇشۇ سۆزنىڭ تۈرتكىسىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمەيدىغان بىر ئەۋلاد

ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار يېتىشىپ چىققان، بۇ ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار بىزگە «يول كۆرسەتكۈچى يۇلتۇز» بولغان ساھابىلەردۇر.

بىز ئالدىنقى كىتابىمىزدا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇپ چىققان ئىدۇق. ئۇ ئەڭ بۇرۇن ئىمان كەلتۈرگەن پىشقەدەم ساھابىلەرنىڭ بىرى ۋە راستچىل دەپ نام ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ھەمراھى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن:«ئەبۇبەكرى سىلەردىن ناماز ۋە روزىدا ئەمەس، بەلكى قەلبىدە چوڭقۇر ئورناشقان بىر نەرسە بىلەن ئېشىپ كەتتى». قەلبىدە ئىخلاس ئورۇن ئالغان بۇ زات ئەمەل جەھەتتىمۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگە بولاتتى.

مۇسۇلمانلار رۇملۇقلارغا قارشى تەبۇك غازىتىغا تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە، رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى جىھادنىڭ ماددى تەييارلىقى ئۈچۈن سەدىقە قىلىشقا چاقىردى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ۋاقىتتا قول ئىلكىدە بولغان بارلىق ماللىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئائىلىسىگە قانچىلىك مال قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى سورىغاندا، «اللە ۋە رەسۇلۇللاھنى قالدۇردۇم» دەپ جاۋاب بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە دەرقەمدىكى ساھابىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن. بۇ ھەقىقەتەن خالىغان بىر ئادەم قىلالايدىغان ئىش ئەمەس، پەقەت بارلىقىنى چىن قەلبىدىن اللەقا بېغىشلىغان، پەقەت اللە ئۈچۈنلا ياشايدىغان ئىخلاسمەن بەندىلەرلا قەلبىدىكى پىداكارلىقنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىپ، بارچە نەرسىلىرىنى اللە يولىغا ئاتىيالايدۇ.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىخلاسمەن ساھابىلەردىن بىر مىسال خالاس. اللەنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەن نۇرغۇن ئىخلاسمەن ئۆلگىلەر دەۋرلەر داۋامىدا

ئۆزۈلمەي يىتىشىۋاتىدۇ. بىز ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئىز باسارلارنىڭ ياخشى ئەمەللەرگە شۇنچە ئۆزىنى ئۇرغان تۇرۇپمۇ، داۋاملىق تەقۋادار ھالەتتە قاتتىق ئىلاھتىن قورقۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېساب ئالىدىغان بايقايمىز. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەرگىز پەخىرلەنمەيتتى، ئەكسىچە ياخشى ئەمەللىرىنى يۇشۇراتتى. نېمە ئۈچۈن؟ ئۆزىنىڭ پەقەت اللەنىڭ خالىس قۇلى بولۇشنى، مۇكاپاتنى پەقەت اللەتىن ئۈمىد قىلىشى ئۈچۈن، قەلبلىرىدىكى ساپ ئىخلاسنى قوغداپ شۇنداق قىلىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق بىر بەندىنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىلەنلا جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. لېكىن ئۆزىنى اللەنىڭ خالىس قۇلى، اللەنى يىگانە ھەق ئىلاھ دەپ تونىشى بىلەن قەلبى خالىس اللەقا يۈزلەنگەن ئىخلاس ئىگىسى اللەنىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. مانا مۇشۇ چىن قەلبىدىن ھېس قىلغان ئىخلاس. مانا بۇلار بىزنىڭ خالىس مۆئمىنلەردىن بولىشىمىزغا ياخشى ئۈلگىلەردۇر.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.
2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

رىۋايەت قىلىش تۇرتكە بولۇش مىسلى پىشقەدەم تەرىپلەش جىھاد
ماددىي قول ئىلكىدە دەرقەمدە پىداكارلىق ئىزباسار
ھېساب ئېلىنىش پەخىرلەنمەك

3. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

پىشقەدەم ______، ______ ئىخلاسمەن ______، ______

پىداكار ______،______                    بارچە ______،______

______،______ ھەمراھ                    ساپ ______،______

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئېھتىياجلىق        تەقەززا        ئىشتىياق باغلاش        مۇلاقات بولۇش

بارلىقىنى بېغىشلاش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) اللە بەندىلىرىنىڭ تۇرقىغا ۋە تاشقى كۆرۈنىشىگە قارىماستىن بەلكى نېمىگە قارايدۇ؟ بۇنىڭدىن نېمىنى بىلىۋالدىڭلار.

2) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىم؟

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى نېمە دەپ تەرپلىگەن؟

4) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانداق ئەمەلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا ساھابىلەرنى تەسىرلەندۈردى؟

5) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشلىرىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟

6) ئىخلاسمەن كىشىلەر ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ماختىنامدۇ ياكى ياخشى ئەمەللەرنى باشقىلاردىن يوشۇرامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

6. تېكىستنىڭ بېشىدىكى ھەدىسنى تەھلىل قىلىڭلار ۋە چۈشىنىپ يادلىۋېلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىڭلارغا تەدبىقلاڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

1. تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ھەر بىرىگە جۈملە تۈزۈڭلار.

خالىس ـ ساپ ـ ئىخلاسمەن ـ چىن تەرپلىمەك ـ ماختىماق ـ مەدھىيلىمەك

نىيەت ـ مەقسەت ـ مۇددىئا دىققەت ـ ئېتىبار

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

مۇستەقىل خالىس غايە زاھىرىي مۇددىئا مۇستەسنا پىدا قىلماق

ئېتىبار بەرمەك تەقەززا ئىشتىياق باغلاش مۇلاقەت بولۇش بېغىشلاش

نازىل قىلىش رىۋايەت قىلىش جىھاد پىداكارلىق ئىزباسار پەخىرلەنمەك

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈپ بېقىڭلار.

خالىس ________، ________ مۇستەقىل ________، ________

مەھكەم ________، ________ پىداكار ________، ________

ئىخلاسمەن ________، ________ ________، ________ غايە

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىشتىياق باغلاش بارلىقىنى بېغىشلاش مۇلاقات بولۇش

پىدا قىلىش تەرىپلەش ...ئەمەس، بەلكى .....

5. تەپەككۇر مەشىقلىرى

سۈرە ئىخلاستا اللە ئۆزىنى ناھايىتى مۇكەممەل سۈپەتلىگەن، بۇ سۈپەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق اللەنى تېخىمۇ ياخشى تونۇيالايمىز. تەپەككۇر قىلىش دېگىنىمىز ـ تەپەككۇر قىلماقچى بولغان شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، ياكى بىرەر ئەھۋال، ھادىسىنى ئىنچىكە،

ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم خۇلاسىگە ئېرىشىش جەريانىدۇر. تەپەككۇر قىلىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل شەيئىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تۈرگە ئايرىشتۇر. مەسىلەن:«ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر.» دېگەن بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى تەپەككۇر قىلساق، بارچە نەرسە ئاللاھقا مۇھتاج بولسا، ئاللاھ ئۆزى ھېچنىمىگە مۇھتاج بولمىغان، ئايرىم، ئۆزىگە خاس زاتتۇر. ئاللاھتىن باشقا بارچە نەرسە ئاللاھقا مۇھتاج بولغاچقا، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇلى، مەخلۇقاتىدۇر. خۇلاسىلىسەك، ئاللاھ خاس، يېگانە ئىلاھتۇر، باشقا ھەممە ئۇنىڭ مەخلۇقى، قۇلىدۇر. بۇنىڭدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى بولسا تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى. قېنى سىلەرمۇ تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار. ئۆسۈملۈكلەردىن پىشۇرۇپ يەيدىغانلىرىمىز: سەي ـ كۆكتات،

پىشۇرماي خام پېتى يېگىلى بولىدىغانلىرى: مېۋە ـ چېۋە

ئۆيدە ئىشلىتىدىغان سايمانلار: ئۆي ـ سەرەمجانلىرى،

ئېتىزدا ئىشلىتىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى،

ئىنسانلار بېقىپ پايدىلىنىدىغان ھايۋانلار: ئۆي ـ ھايۋانلىرى،

ئورمانلىق ياكى باشقا جايلاردا ئىنسانلارغا بېقىنماي ياشايدىغان ھايۋانلار: ياۋايى ھايۋانلار.

تۆۋەندىكى شەيئىلەرنى يۇقىرىقى قائىدىلەر بويىچە ئالتە تۈرگە ئايرىپ چىقىڭلار.

بانان، نەشپۈت، يىسىۋېلەك، تۇرۇپ، ئالما، چامغۇر، يۇتقان، ئۈزۈم، چەينەك، كەتمەن، قازان، قوي، ئۆرۈك، ئۆچكە، يولۋاس، شاپتۇل، پالتا، چايدان، ئانار، پەمىدۇر، شىر، گۈرجەك، ئورغاق، مۈچ، ياڭاق، ئوتىغۇچ، چۈمۈچ، يىلپىز، قوغۇن، كالا، بۆرە، پىدىگەن، ئېشەك، تەخسە، پىچاق، تاۋۇز.

6. بۇ بۆلەكتىكى 2 ـ ۋە 3 ـ تېكىستتىكى ئىككى ھەدىسنى تەھلىل قىلىپ، پىكىر بايان قىلىڭلار.

1) ھەر بىر ئىشنى قىلىشنىڭ نىيىتى بولىدۇ، ياخشى ئەمەللەر قەنداق ئەھۋالدا قوبۇل بولىدۇ؟ قانداق ئەھۋالدا بىكار بولۇپ كېتىدۇ؟

2) ئەمەلنىڭ زاھىرىلا مۇھىممۇ ياكى اللە رازىلىقىنى كۆزلىگەن نىيەت بىلەن مۇكەممەل قىلىشمۇ؟

3) بەندىنىڭ اللە قارايدىغان نەرسىلىرى قايسى؟

4) اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتقاندا ياخشىلىققا يەنى مۇكاپاتقا(جەننەتكە) ئېرىشىش ئۈچۈن بەندىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇشى كېرەك ؟

5) سىز بۇ بۆلەكتىكى ئىخلاس ھەققىدىكى مەزمونلارنى ئۆگەنگەندىن كېيىن نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭىز ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى بولىۋاتىسىز؟

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**3 ـ بۆلەك**

# گۈزەل ئارزۇلار





ئۇلۇغ اللە بىزگە ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش، ئەسلەش، ئۈمىد ـ ئارزۇلارنى قىلىش قابىلىيەتلىرىنى ئاتا قىلدى. بىز ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق اللەنى ھەق رەۋىشتە تونىساق، اللەنىڭ نېئمەتلىرىنى، اللەنىڭ بىز بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، دىللىرىمىز يورۇيدۇ. اللەنى تونىغان قەلب چوقۇم اللە بىلەن مۇلاقات بولۇشنى، اللەنىڭ ئۆزىدىن رازى بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا مۆئمىنلەرنىڭ قەلبى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەردىن خالىي ئەمەس. ھەتتا ھەر بىر ئىنسان ئۈمىد ـ ئارزۇسىز ياشىيالمايدۇ. ياخشى ئەمەلنى پەقەت اللەقىلا خالىس قىلىشنى، اللەقىلا ئىبادەت قىلىشنى، اللە رازىلىقىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىش قاتارلىق ياخشى ئارزۇلار بولغىنىدەك، مال ـ دۇنيانى، بۇ دۇنيالىق راھەت ـ پاراغەتنى، نام ـ ئابروينى ئارزۇ قىلىشتەك شەيتانى ئارزۇلارمۇ بار. قېنى كېلىڭلار، بىز بۇ بۆلەكتە مۆئمىننىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىنى بىلىپ باقايلى.

اللەنىڭ قۇدرەت ـ بەرىكىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، شەيتانى ئارزۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئىبرەت ئالايلى.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 7. مۆئمىن بالىنىڭ ئارزۇسى

توققۇز ياشلىق مۇھەممەد اللەنىڭ رەھمىتىدە ناھايىتى ئەقىللىق، ئاقكۆڭۈل ۋە تىمەن چوڭ بولغانىدى. ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئانىسى سەلىمە ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ باتۇر ساھابىلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن كىچىك مۇھەممەد گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 1400 يىل كېيىنكى دەۋردە ياشىسىمۇ، قەلبىدە ئۆزىنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلۇغلۇق ساھابىلەر بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇلار كەتكەن نۇرلۇق، گۈزەل ماكان جەننەتكە كىتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى.

ئەدەبىيات دەرسىدە ئائىشە مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا «مېنىڭ ئارزۇيۇم» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىش تاپشۇرۇقى بەردى. «مېنىڭ ئارزۇيۇم» تېمىسى مۇھەممەدنىمۇ باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش گۈزەل تەسەۋۋۇرلارغا باشلىۋەتكەنىدى. مۇھەممەدنىڭ تەسەۋۋۇرى قاناتلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سائادەت ئەسرىگە ئۇچۇپ كەتتى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت سەپىرىدە كېتىۋاتىدۇ. مۇھەممەد ۋە ئەبۇبەكرى

www.uyghurkitap.com

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداپ، ئاللەتىن ياردەم تىلەپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ كىتىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاخىرى كەڭ كەتكەن خورمىزارلىققا كەلدى. مۇھەممەد ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنى ۋە مەسچىتىنى سېلىۋاتىدۇ. ئەمگەك جاپالىق بولسىمۇ، ھەممەيلەن ناھايىتى زوق ـ شوخ بىلەن ئىشلىمەكتە. مەسچىتمۇ پۈتتى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەزان توۋلىشى بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلار توپلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا نامازغا تۇرۇشتى، مۇھەممەدمۇ ئالدىنقى سەپنىڭ ئوڭ قانىتىدا، ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن غول ـ مۈرىلىرىنى تىرەپ، سەپنى تۈزلەپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى جىھادقا چاقىردى. مۇھەممەدمۇ سەپتىن قالماي بەدرىگە باردى. مۇھەممەد ئۇ چاغلاردا 20 ياشلىق قاۋۇل، بەردەم يىگىت ئىدى. پۈتۈن مۇسۇلمانلار قوشۇنى مۇنتىزىم سەپ تۈزۈپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئاللەتىن ياردەم تىلەپ، ناھايىتى جۇشقۇن تەييارلىق ھالەتتە تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن غازات باشلاندى. مۇھەممەد ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرلەپ، مۇشرىكلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچرىغان مۇشرىك ئاللەنىڭ ياردىمى بىلەن جېنىدىن جۇدا بولماي قالمايتتى. ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، جىھاد مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەدنى بىر بۆلۈك قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئۇبەيدە، ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىرلىكتە سۈرىيە، مىسىر قاتارلىق جايلارنى قايتا فەتىھ قىلىپ، ئۇ جايلارنى ھۆكۈمرانلىق ئاللاھقا خاس بولغان ھەممىگە ئادىل

www.uyghurkitap.com

ئاللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان ئىسلام دىيارلىرىغا ئايلاندۇردى. مۇھەممەد ئەمدى سەبداشلىرى بىلەن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. جاسارەتلىك مۇجاھىدلارنىڭ چىدامچانلىق بىلەن ئۈزلۈكسىز قان كېچىپ جىھاد قىلىشى نەتىجىسىدە، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرى ۋە باشقا ۋىلايەت-شەھەرلەر دىنغا قارشى كوممۇنىستلارنىڭ زالىم ھاكىمىيىتىدىن ئازاد بولۇپ، ئىسلام دىيارلىرىغا قېتىلدى. مۇھەممەد ئانا يۇرتىدا ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئىسلام بايرىقى لەپىلدىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاللاھقا چەكسىز شۈكرىلەر ئېيتتى.

مانا بۇ كىچىك مۇھەممەدنىڭ ئارزۇسى ئىدى. مۇھەممەد ئاللاتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىدەك سادىق، ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلىپ، بۇ گۈزەل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاللەنىڭ ئالدىغا شەھىد بولغان ھالدا قايتىشنى چىن دىلىدىن تىلىدى. (ئاللە ئۇنى تىلىكىگە يەتكۈزسۇن.)

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىڭلار.

ئاقكۆڭۈل باتۇر شۇ ۋەجىدىن ماقالە سائادەت جاپالىق جان تىكىپ تىلاۋەت قىلماق جۇشقۇن قۇماندان ھۆكۈمرانلىق سەپداش جاسارەتلىك چىدامچانلىق زالىم ئەمەلگە ئاشۇرۇش

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

باتۇر ______، ______ گۈزەل ______، ______ ______، ______ ۋادا

چىدامچان ______، ______ ئاقكۆڭۈل ______، ______

جاسارەتلىك ______، ______ جۇشقۇن ______، ______

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

تەسەۋۋۇر سائادەت زوق ـ شوخ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) مۇھەممەد ئۆزىنى كىملەر بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدى ؟ نېمە ئۈچۈن؟

2) مۇھەممەد ئۆز ئارزۇسى ھەققىدە ئويلىنىشنى قەيەردىن باشلىدى؟

3) مۇھەممەد قايسى ئىشلارنى ئارزۇ قىلدى؟

4) سىزنىڭچە مۇھەممەدنىڭ ئارزوسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيتى بارمۇ؟

5) مۇھەممەدنىڭ ئارزۇسىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟

6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ۋە بەدرى غازىتى، تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان ساھابىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن تونۇشۇۋېلىڭلار.

7.* مۇھەممەدنىڭ ئارزوسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارزويۇڭلار ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭلار.

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 8. كېلىنلار، جەننەتنى تەسەۋۋۇر قىلايلى







ھەر شەيئىنى ياراتقان ماھىر اللە ئەڭ ياخشى ياراتقۇچىدۇر. اللەنىڭ نېئمەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ گۈزىلى، ئەڭ ئېسىلى بولسا جەننەتتۇر. جەننەت ھەقىقەتەن بار بولۇپ، ئۇ يەردىكى گۈزەل مەنزىرە، ئېسىل تائاملار، قىممەتلىك زىبۇ ـ زىننەت جاۋاھىراتلار، ھەشەمەتلىك بىزەلگەن نەقىشلەر... خۇددى مۇشۇ دۇنيادا بىز كۆرگەن، ئىشلەتكەن نەرسە راست بولغاندەك، ھەقىقەتەن مەۋجۇتتۇر. قېنى كېلىڭلار، بىز بىللە اللە سۆيەتلىگەن، تەقۋادار بەندىلىرىگە تەييارلىغان جەننەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى.

جەننەت قانداق جاي؟ جەننەت ناھايىتى كەڭ، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىسىدىكى ئۇزاق مۇساپىدەك كېلىدىغان، ئاستىدا ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل بولغان، خۇشپۇراق، رەڭگارەڭ، چىرايلىق گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن، تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بولغان، بۇ دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى ياتقان، ئولتۇرغان ئادەملەرمۇ ئالالايدىغان، تەمى يىگۈچىلەرگە ئالەمچە ھوزۇر بېغىشلايدىغان، مەڭگۈلۈك ھايات يۇرتىدۇر. جەننەتنىڭ ئۆيلىرى خىشلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن، مەرمەردىن بولۇپ، ھەر

بىر كىشىنىڭ كەڭ، ئازادە، ھەشەمەتلىك قەسرى بولىدۇ. جەننەت ئەھلى ئالتۇن تەختلەردە بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار يېشىل رەڭلىك يىپەكتىن چىرايلىق كېيىملەرنى كېيىشىدۇ. ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن بولغان بىلەيزۈكلەرنى تاقايدۇ. جەننەت ئەھلى ئۆزى خالىغان نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ، خالىغان قۇش گۆشلىرىنى يەيدۇ، ئاجايىپ لەززەتلىك ئىچىملىكلەرنى ئىچىدۇ، مەززىلىك شارابلارنى ئىچىدۇ. شۇ شارابلارنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق غىلمانلار قىلىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەندە كىشى تېرىلىپ كەتكەن ياقۇتمىكىن دەپ قالىدۇ.

جەننەت ئەھلى اللەنى ياخشى كۆرىدىغان، اللە ھەم ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچ قانداق ئۆچ-ئاداۋەت بولمايدۇ، ھەممەيلەن قېرىنداش بولغان ھالەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. جەننەتتە ھېچقانداق قۇرۇق پاراڭ، يالغان سۆز بولمايدۇ، جەننەتتىكى سۆزلەر سالام يەنى ئامانلىق، اللەقا ھەمدىلەر بولىدۇ. جەننەت ئەھلى جەننەتتە ھېرىپ-چارچىمايدۇ، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، ئۇلار مەڭگۈ ئۆلمەي ياشايدۇ، شەھلا كۆزلۈك جەننەت ھۆرلىرى جۈپلىرى بولىدۇ. ئەھلى جەننەت ئېرىشكەن بۇ نېئمەتلەردىنمۇ ئېسىل، ئەڭ ياخشى نېئمەت بولسا اللەنىڭ جامالىنى كۆرۈش بولۇپ، اللەنىڭ جامالىنى كۆرگەن كىشىنىڭ قەلبى تەسۋىرلىگۈسىز چەكسىز لەززەتكە چۆمىدۇ،چەكسىز رازىمەنلىككە تولۇپ، بۇنىڭدا ھېچقانداق باشقا ئارزۇ-تەلەپ قالمايدۇ. جەننەت ئەھلى قايتىدىن ناھايىتى گۈزەل، ياش، ئاجايىپ كېلىشكەن ھالەتتە يارىتىلىدۇ. جەننەتتە بارچە گۈزەللىك باردۇر، ھەقىقىي ھايات يۈرتىدۇر. ئىنساننىڭ قەلبى، نەفسى قانىدىغان بىردىنبىر ماكاندۇر. شۇڭا ئارزۇ قىلغۇچىلار جەننەتنى ئارزۇ قىلسۇن، ئىشلىگۈچىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جەننەت ئۈچۈن ئىشلىسۇن.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

مەنزىرە  تائام  جاۋاھىرات  ھەشەمەتلىك  ئالەمچە  مەر-مەر  قەسىر

ئەھلى  غىلمان  ئۆچ-ئاداۋەت  پاراڭ  ئاراملىق  ھېرىپ-چارچاش

شەھلا  جامال  تەسۋىرلىگۈسىز  نەفسى

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

مەڭگۈلۈك ______، ______  چىرايلىق ______، ______

ھەشەمەتلىك ______، ______  ______، ______ جامال

تەسۋىرلىگۈسىز ______، ______  ئالەمچە ______، ______

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

تائام  كۆز يەتكۈسىز  تەسۋىرلىگۈسىز  ئۆچ - ئاداۋەت  ھېرىپ - چارچاش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) جەننەت قانداق جاي؟

2) جەننەتنىڭ مەنزىرىسى قانداق؟ ئۇنىڭدا قانداق مېۋىلەر بار؟

3) جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرى، زىبۇ-زىننەتلىرى قانداق؟

4) جەننەت ئەھلىنىڭ تائاملىرى، ئىچىملىكلىرى قانداق؟

5) جەننەتتىكى سۆزلەر قانداق سۆزلەر بولىدۇ؟

6) جەننەت ئەھلىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ ئۇلار ھېرىپ - چارچامدۇ؟ ئۇلار

يەنە ئۆلەمدۇ؟

7) جەننەتتىكى ئەڭ ئېسىل نېئمەت قايسى؟

6. جەننەتنى تەسۋىرلىگەن ئايەتلەرنى توپلاپ، جەننەت ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار ۋە قانداق كىشىلەرنىڭ شۇ گۈزەل جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، شۇ خىل سۈپەتلىك كىشىلەردىن بولۇشقا تىرىشىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 9. شەيتانىي ئارزۇ ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى




ئاللاھنىڭ يېگانە ھەق ئىلاھلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت كۆندۈزدەك روشەن تۇرسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتىكى جازا ـ مۇكاپاتتىن ئىبارەت ۋەدىسى ھەق بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىي دۇنياغا

ئالدىنىپ، شەيتانىي قۇرۇق ئارزۇلار بىلەن ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە تاشلايدۇ.

ئاللاھنىڭ يېگانە ھەق ئىلاھلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئەينەك بولىدىغان ئاجايىپ ھېكمەتلەرگە تولغان كائىناتنى ئۆزلىكىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ باتىل گۇمان قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق دەلىل، ھۆججەتلىرى يوق. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر ئاللاھنىڭ يۈكسەك سەلتەنىتىدە باشقا كىشىلەرنىڭ ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ شېرىكچىلىكى بار، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز بىزگە ياردەم قىلالايدۇ، پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، دەپ جۆيلىشىدۇ. مۇشرىكلارنىڭمۇ كافىرلارغا ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ھەقسىز گۇمانلىرىدا ھېچقانداق ئىلمىي پاكىتى، دەلىلى يوق. بەزى كىشىلەر باركى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى شۇنچە ئوچۇق ھالدا ئاخىرەت ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرسىمۇ، بىز ئۆلگەندىن كېيىن چىرىپ، تۇپراققا ئايلىنىپلا تۈگىشىمىز، قايتا تىرىلمەيمىز، دەپ ئاساسسىز سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ بۇ گۇمانىغا قارىتا ھېچقانداق دەلىلى يوقتۇر. بۇ خىلدىكى كىشىلەر «بىز تۇغۇلىمىز، ئۆلىمىز، قايتا تىرىلمەيمىز، پەقەت ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىزنى يوق قىلىدۇ.» دەپ قارىغاچقا، دەھرىلەر دەپ ئاتالغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز ، يالغان، شەيتانىي خىياللادۇر، باتىل گۇمانلاردۇر.

ئاللاھنى ھەق تونۇغانلارنى ۋە ئاخىرەت ۋەدىسىگە ئىشەنگەنلەرنى ئاللاھ ئۇلار قورققان، پاناھلىق تىلىگەن جەھەننەمدىن يىراق قىلىپ، ئۈمىد قىلغان، تەلپۈنگەن جەننەتكە كىرگۈزىسە؛ ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، ئاخىرەت بەدىسىگە چىنپۈتمىگەن كافىرلارنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ۋە ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، جەھەننەمدىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك تۈرمىگە تاشلايدۇ. جەھەننەم تولىمۇ يامان جاي بولۇپ، ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئۇنىڭ 70 ھەسسىسىگە

باراۋەر هارارەتلىك ئوت كۆيۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ئوتقا ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدۇ. جەھەننەم ئەھلىنىڭ قورسىقى ئاچسا، زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىلىرى بېرىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ، زەققۇم مېۋىسى ئۇلارنىڭ قورساقلىرىدا قايناىدۇ؛ ئۇلار ئۇسسىسا قايناقسۇ بىلەن يىرىڭ ئارىلاشمىسى بېرىلىدۇ، ئۇنى چاڭقاپ كەتكەن تۆگىلەردەك ئىچىشىدۇ، بۇ قىززىق، بەتتام ئىچىملىك ئۇلارنىڭ ئۈچەيلىرىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ. جەھەننەم ئەھلىنىڭ كىيىمى ئوتتىن، يۇتقان ـ كۆرپىسىمۇ ئوتتىن بولىدۇ، ئۇلار زەنجىرلەر بىلەن باغلىنىدۇ، تاقاق ـ ئىشكەنلەر سېلىنىدۇ، تۆمۈر ـ توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ.

جەننەت ئەھلى بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداش بولسا، جەھەننەم ئەھلى بىر ـ بىرىگە مالامەت قىلىپ، جەڭگە ـ جېدەل قىلىشىدۇ، بىر ـ بىرىدىن تانىدۇ، بى ـ بىرىگە ئازاب، لەنەت تىلەيدۇ. ئۇلار ھەر قانچە نالە ـ پەرياد چەكسىمۇ ، اللە ئۇلارغا پىسەنت قىلمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابنى يېنىكلەتمەيدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۆلۈمنى تىلىسىمۇ ئۆلمەيدۇ، يا ياخشى ياشىمايدۇ، تېرىلىرى كۆيۈپ تۈگىسە، باشقا تېرە ئالماشتۇرۇلۇپ، يەنە ئازاپلىنىدۇ. ئۇلار دوزاختىن ھېچ يەرگە قاچالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاڭلايدىغىنى دوزاخنىڭ قورقۇنچلۇق غەزەپ ئاۋازىدۇر. دوزاخقا مۇئەككەل قاتتىق قول پەرىشتىلەر ئۇلارغا:«ئۆزۈڭلار ئىنكار قىلغان دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار» دەيدۇ. ئۇلارغا نىدا قىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ:«دۇنيادا بوگۇنكى ئۇچرىشىشنى ئۇنۇتقىنىڭلاردەك، بىز سىلەرنى دوزاختا قالدۇرۇپ ئۇنتۇيمىز».

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.
2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

روشەن هالاكەت ئىنكار باتىل ئۆزلىكىدىن بارلىققا كەلمەك
ئاساسسىز پاناھلىق تەلپۈنۈش چىنپۈتمەسلىك باراۋەر يېقىلغۇ
بەتتام چاڭقاش تاقاق ئىشكەل مالامەت نالە-پەرياد تانماق
غەزەب مۇئەككەل نىدا

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

روشەن ____، ____ باتىل ____، ____

ئاساسسىز ____، ____ بەتتام ____، ____

قورقۇنچلۇق ____، ____ يالغان ____، ____

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىنكار قىلىش تەلپۈنۈش پاناھلىق تىلەش

مالامەت نالە- پەرياد

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) كافىرلار قانداق باتىل خىياللارنى قىلىدۇ؟ مۇشرىكلارچۇ؟ دەھرىيلەرچۇ؟

2) يۇقىرىقى ئۈچ پىرقە كىشىلەرنى اللە نېمە ئۈچۈن جەھەننەمگە كىرگۈزىدۇ؟

3) جەھەننەم قانداق جاي؟

4) جەھەننەم ئەھلىنىڭ تاماقلىرى بە ئىچىملىكلىرى نېمە ؟

5) جەھەننەم ئەھلىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى قانداق بولىدۇ؟

6) جەھەننەم ئەھلى قايسى جازالار بىلەن ئازابلىنىدۇ؟

7) جەھەننەم ئەھلىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار جەھەننەمدە قانداق سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ؟

6. قۇرئان كەرىمدىكى جەھەننەم تەسۋىرلەنگەن ئايەتلەرنى توپلاپ،

جەھەننەمدىكى ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلىڭلار ھەمدە ئۇنىڭغا قانداق سۇپەتتىكى كىشىلەرنىڭ كىرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، ئۇ خىل سۇپەتلەردىن ئۆزۈڭلارنى تارتىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## مەشق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى جۈپ سۆزلەرنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ئۇلارغا جۈملە تۈزۈڭلار.

تىنچ ـ ئامان    ئۆچ ـ ئاداۋەت    ھېرىپ ـ چارچاش    زوق ـ شوخ

گۈل ـ چېچەك    جەڭگە ـ جېدەل    نالە ـ پەرياد

2. تۆۋەندىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەسلەڭلار.

تەسەۋۋۇر  سائادەت  تىلاۋەت قىلماق  جۇشقۇن  قۇماندان  قەسىر

جاسارەتلىك  مەنزىرە  تائام  ھەشەمەتلىك  ئۆچ ـ ئاداۋەت  پاراڭ

روشەن  ھالاكەت  ئىنكار  تەلپۈنۈش  چىنپۇتمەسلىك  يىقىلغۇ

بەتتام  مۇئەككەل  نىدا

3 تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

جۇشقۇن ______،______    زالىم ______،______

چىدامچان ______،______    جاسارەتلىك ______،______

تەسۋىرلىگۈسىز ______،______    ئالەمچە ______،______

ھەشەمەتلىك ______،______    روشەن ______،______

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

تەسەۋۋۇر قىلىش    زوق ـ شوخ بىلەن    ئەمەلگە ئاشۇرۇش    تائام

كۆز يەتكۈسىز    تەسۋىرلىگۈسىز    ئىنكار قىلىش    تەلپۈنۈش

پاناھلىق تىلەش

5. يېزىقچىلىق مەشىقى

«مېنىڭ ئارزويۇم» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ كېلىڭلار. (تۆۋەندىكى تىزىسلاردىن پايدىلانساڭلار بولىدۇ)

1) مېنىڭ ئارزويۇم ...ئىشلارنى قىلىدىغان ياكى ...ئادەم بولۇش؛ سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز نېمە؟

2) بۇ ئارزۇنى قىلىشتىكى سەۋەبىڭىز؛ نېمە ئۈچۈن بۇ ئارزۇنى قىلدىڭىز؟

3) بۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن قانداق قىلىسىز؟

6 . پىكىر بايان قىلىڭ، خىيال ـ تەسەۋۋۇرىڭىزنى قاناتلاندۇرۇڭ

مۆئمىن كىشى ھەر قانداق ئەھۋالدا راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش كېرەك. خىيال ـ تەسەۋۋۇر قىلغاندىمۇ، ھەقىقەتكە ماس كېلىدىغان تەسەۋۋۇرلارنى قىلىش كېرەك. تۆۋەندىكى سۇئاللار بويىچە پىكىر بايان قىلىڭلار.

1) سىز قانداق خىيال ـ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىسىز؟

2) تەسەۋۋۇر بىلەن خام ـ خىيالنىڭ پەرقى نېمە؟

3) ئاساسسىز گۇمان، خىياللارنى قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ



www.uyghurkitap.com

4 - بۆلەك

# مەسئۇلىيەتچانلىق




الله بۇ دۇنيادىكى بارچە نەرسىنى مەلۇم ۋەزىپە ئۈچۈن ياراتقان. بىز ئىنسانلارنىڭمۇ بۇ دۇنيادا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىز بار. بۇ دۇنيادا پەقەت اللەقىلا ئىبادەت قىلىپ، ياشاش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى كۆپچىلىك ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. اللەنىڭ نۇرغۇن بۇيرۇقلىرى مۇسۇلمانلار جامائەتكە قارىتىلغان بولۇپ، بۇلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ، ئائىلىسىدە ئۆتەيدىغان تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى باردۇر. بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنى مەسئۇلىيەتچانلىق دەپ ئاتايمىز. جەمئىيەتتىكى ھەر بىر كىشى مەسئۇلىيەتچان بولغاندىلا، جەمئىيەت تىنچ - ئامان، باياشات بولىدۇ. رەببىمىز اللە بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن بىزنى مەسئولىيەتچان بولۇشقا بۇيرىغان. اللە مەسئولىيەتچان مۆئمىنلەرگە جەننەتنى ۋەدە قىلغان بولسا، مەسئۇلىيەتسىز كىشىنى ئاخىرەتتە تېگىشلىك جازاسى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 10. ھەممەيلەن پادىچى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن سورىلىسىلەر: ئىمام (خەلىپە) ئۆز پۇقرالىرىغا پادىچى، ئەر كىشى ئائىلىسىگە پادىچى، ئايال كىشى ئېرىنىڭ نەرسىلىرىگە ۋە ئۆيىگە پادىچى، خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ نەرسىلىرىگە پادىچى، ھەممە كىشى ئۆزى مەسئۇل بولغانلىرىدىن سورىلىدۇ». بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر مۇسۇلمان شەخسكە زۆرۈر بولغان تەلىملەرنى بېرىۋاتىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇسۇلمان ئۆز ئىشىغا مەسئۇلدۇر، اللە ئۇنىڭدىن ئۆزى مەسئۇل بولغان ئىشتىن ھېساب ئالىدۇ. دېمەك، ھاياتىي دۇنيادا ئۆزى مەسئۇل بولغان ئىشلارنى جايىدا قىلىش مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر ۋە اللە بۇيرىغان ياخشى ئەمەلدۇر.

اللە بىزلەرگە تۈرلۈك قابىلىيەتلەرنى ئاتا قىلدى. مۇسۇلمانلار ھەر خىل كەسىپلەرنى قىلىش بىلەن ئىسلام جەمئىيىتىگە تۆھپە قوشىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۆز كەسپىنى ئەستايىدىل، ياخشى قىلمىسا، ئۇ خېرىدارلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر قانداق كىشى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلمىسا، كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرايدۇ، جەمىيەتنى پاساتچىلىق، يالغانچىلىق قاپلايدۇ، شۇڭا اللەنىڭ ئەلچىسى بىزنى بەختلىك ھاياتنىڭ توغرا پىرىنسىپىغا يېتەكلەپ، ھەر بىرىمىزنىڭ مەلۇم مەسئۇلىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىمىزنى، ھەر

بىرىمىز ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماسلىق خىيانەت بولۇپ، جەمئىيەت ۋە ئاللە ئالدىدا چوڭ جىنايەتتۇر. شۇڭا ئاللە ھەر بىرىمىزدىن مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى سۈرۈشتە قىلىپ، جازا ـ مۇكاپات بېرىدۇ.

پۈقىرىقى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەلىپە، ئەر، ئايال ۋە خىزمەتچى ـ خادىملارنى مىسال قىلىپ تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ھەدىسنىڭ بېشىدىكى «ھەممىڭلار پادىچى» دېگەن سۆز پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىيدۇر. ئەلۋەتتە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچىنىڭ «پادىلىرى» نېمە؟ ئوقۇتقۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا، ئوقۇغۇچىلارغا دەرسنى ئەستايىدىل تەييارلاپ، ياخشى ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ تولۇق چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشتۇر. ئوقۇغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا، دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلاش، ئوقۇتقۇچى چۈشەندۈرگەن مەزمۇنلارنى چۈشىنىپ ئەستە ساقلاش، چۈشەنمىگەن جايلارنى ئوقۇتقۇچىدىن سوراش، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن دەرسلەرنى قايتا تەكرارلاش، ئوقۇتقۇچى بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى جايىدا ئورۇنلاش قاتارلىقلار. پادىچى ئۆز پادىلىرىغا ھەر ۋاقىت كۆز ـ قۇلاق بولۇپ ئوبدان بېقىشى كېرەك بولغىنىدەك، ھەر بىرىمىز مەسئولىيەتلىرىمىزنى تونۇپ، ياخشى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

سورالماق تەلىم بەرمەك شۇغۇللانماق جايىدا قىلماق بۇرچ كەسىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۆھپە قوشۇش دەخلى ـ تەرۇز پاساتچىلىق پىرىنسىپ جىنايەت

سورۇشتە قىلىش مىسال ئۆزلەشتۈرۈش كاپالەتلىك قىلىش ئەستە

ساقلاش كۆز ـ قۇلاق بولۇش

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

ــــــ، ــــــ بۇرچ ــــــ، ــــــ تۆھپە

ــــــ، ــــــ پىرىنسىپ ــــــ، ــــــ جىنايەت

ــــــ، ــــــ مىسال پوتكول ــــــ، ــــــ

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

شۇغۇللىنىش دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش سورۇشتە قىلىش

ئۆزلەشتۈرۈش كاپالەتلىك قىلىش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن «ھەممىڭلار پادىچى» دەيدۇ؟ بۇ يەردىكى «پادىچى» دېگەن سۆزنىڭ كۆرسىتىدىغان مەنىسى نېمە؟

2) خەلىپىنىڭ، ئەرنىڭ، ئايالنىڭ ۋە خىزمەتچىنىڭ پادىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نېمە؟

3) كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ـ قىلماسلىقى جەمئىيەتكە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

4) اللە نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىمىزدىن ھېساب ئالىدۇ؟

5) ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نېمە ؟

6) نېمە ئۈچۈن مەسئۇلىيەت پادا بېقىشقا ئوخشايدۇ؟

6. تېكىستتە بېرىلگەن ھەدىسنى چۈشىنىپ يادلىۋېلىڭلار ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىڭلارغا تەدبىق قىلىڭلار. ئۆيۈڭلارغا قايتقاندا ئاتا ـ ئاناڭلارغا چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ

بېرىڭلار ۋە ئۇلارنى بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىشقا دەۋەت قىلىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 11. ئەركىنلىك ۋە مەسئۇلىيەت

ئۇماق قېرىنداشلار، سىلەر ئالدىنقى دەرىسىمىزدىكى مەزمۇنلاردىن ھەممەيلەننىڭ بىكارچى، ئىختىيارىي ئادەم ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر مەسئۇلىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىۋالدىڭلار. بۇنىڭدىن بەلكىم بىزنىڭ ھېچقانداق ئەركىنلىكىمىز يوقمۇ، دوەپ ئويلاپ قالغانسىلەر. بىز بۇ دەرىسىمىزدە ئەركىنلىك ۋە مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت قارىماققا بىر-بىرىگە زىت ، ئەمما بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر جۈپ تېما ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

ئەركىنلىك دېگەن ئىختىيارىي ھالدا تاللاش ھوقۇقى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەركىنلىك بولغاندىلا كىشى ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالايدۇ، بىر ئىشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەركىن ھالەتتە قىلغان كىشىدىن ئاندىن مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنىدۇ؛ ئەكىسچە بىر ئىشنى مەجبۇرىي ھالدا بىرىنىڭ بۇيرىقى بىلەن قىلغاندا، ئۇنىڭدىن مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىختىيارلىق يوق، ئۇ ئىشلارنى ئۆز مەيلىچە قىلغان ئەمەس. بۇ ئەھۋالدا مەسئۇلىيەت مەجبۇرلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. دېمەك، ئەركىنلىك بولغاندىلا ئاندىن مەسئولىيەت بولىدۇ. ھەر بىر ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت ئىگىسى

www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقى اللەنىڭ ھەر بىر ئىنسانغا مەلۇم دائىرىدىكى ئەركىنلىك، تاللاش ھوقۇقى بەرگەنلىكىدىندۇر.

مەسئۇلىيەت دېگىنىمىزدە، مەلۇم كىشىدىن جاۋاپكارلىق سورۇشتە قىلىشنى كۆزدە تۇتىمىز. ئالدىنقى دەرسىمىزدىكى ھەدىستىن مىسال ئالساق، مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولغۇچى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ۋەزىپىنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان بولىدۇ، چۈنكى بۇ ۋەزىپە ماھىيەتتىلا مەسئۇللۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلار ئىتائەت قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرالايدىغان، خالىغان كىشىنى خىزمەتكە قويۇپ، خالىغىنىنى خىزمەتتىن ئالالايدىغان نۇرغۇن ھوقۇق ۋە ئەركىنلىككە ئىگە بولغان خەلىپە چوقۇم ئۆز ھوقۇقىغا جاۋاپكار بولۇشى كېرەك. پەقەت خەلىپىنىڭلا يۇقىرىقىدەك ئەركىنلىكلىرى، ھوقۇقلىرى بولغاچقا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئىشلارغا ئۇ مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئەر-ئايالمۇ اللەنىڭ بەلگىلىگەن قانۇنى بويىچە بىر-بىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ، ئىختىيارىي ھالدا نىكاھلانغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. خىزمەتچى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خوجايىنىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا توختاملاشقان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك خىزمىتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك. اللە بىزگە نۇرغۇن قابىلىيەت، نېئمەتلەرنى ئاتا قىلىپ، ئۇلاردىن بىزنى خالىغانچە پايدىلىنالايدىغان قىلدى. بىز مۇشۇنداق ئەركىنلىكلەرگە ئېرىشكەچكە، بۇ ئەركىنلىك سۆرەپ كېلىدىغان ئاقىۋەتكە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. بىز ئىختىيارىي ھالدا ئوقۇش ئۈچۈن مەكتەپكە كەلدۇق، شۇڭا ئۆز ۋەزىپىمىزنى ياخشى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىختىيارىي ھالدا ئوقۇتۇش خىزمىتىنى قوبۇل قىلغاچقا، خىزمەت ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىشى كېرەك. بىزگە ئەركىنلىك ئاتا قىلغان اللەقا

شۈكرىلەر بولسۇنكى، مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى ئادا قىلىشتا ئۆ زاتتىن مەدەت تىلەيمىز.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

ئىختىيارىي ئەركىنلىك زىت زىچ مەجبۇرىي ئۆز مەيلىچە

يۈكلەنمەك دائىرە جاۋابكارلىق ماھىيەت ئىقتىساد ئىكاھلىنىش

توختاملىشىش ئاقىۋەت ھۆددىسىدىن چىقىش مەدەت تىلەش

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

ئىختىيارىي ________، ________ زىت ________، ________ زىچ

________، ________ ئەركىن ________، ________ مەجبۇ

رىي ________، ________ ئۆز مەيلىچە ________، ________

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

جاۋاپكار بولۇش ھۆددىسىدىن چىقىش توختاملىشىش

مەدەت تىلەش تاللىماق

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئەركىنلىك دېگەن نېمە؟

2) نېمە ئۈچۈن ئەركىنلىك بولغاچقىلا مەسئولىيەت كېلىدۇ، دەيمىز؟

3) نېمە ئۈچۈن خەلىپە بارلىق مۇسۇلمانلارغا مەسئول بولىدۇ دەيمىز؟

4) نېمە ئۈچۈن ئەر-ئايال بىر-بىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشى كېرەك بولىدۇ ؟

5) خىزمەتچىنىڭ نېمە ئۈچۈن خوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش مەسئولىيتى بار؟

6) نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مەسئولىيەتلىرى بار؟

6. اللە سىلەرگە ئاتا قىلغان قابىلىيەت ۋە نېئمەتلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار، ئاندىن سۈرە تەكاسۇرنىڭ ئاخىرىدىكى «ئاندىن سىلەر نېئمەتلەردىن سورىلىسىلەر» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 12. مەسئۇلىيەتچانلىق ئۈلگىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ياخشى تونۇپ يەتكەن ساھابىلەر مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ئېسىل يالدامىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ جەھەتتە بىزگە ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. تۆۋەندە بىز ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن بىر نەچچە مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

مۆئمىنلەرنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش خۇتپىسىدە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ ئاجىز كىشى مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى ئېلىپ بەرگۈچىلىك ئەڭ كۈچلۈكتۇر؛ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ كۈچلۈك كىشى مېنىڭ نەزىرىمدە تاكى ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەرگۈچىلىك ئەڭ ئاجىزدۇر». ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ئاتىۋەتكەنىدى. ئۇ زالىملارنى ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ئاجىز دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىشتە ھېچ قورقۇپ قالمايتتى. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى قانچە ئاجىز بولسۇن، ئۇ ھەرگىز سەل

قارىماستىن، ئۇنىڭ تىگىشلىك ھەققىنى ئېلىپ بەرگەنىدى.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ دەسلىپىدىلا، بىر قىسىم ئەئرابىلار زاكات بېرىشتىن باش تارتتى. بۇنداق جىددى شارائىتتا باشقا ساھابىلەر ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەمما ئۇ قەتئىيلىك بىلەن اللەنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققان مۇرتەدلەرگە ئۇرۇش ئاچىدۇ. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللەنىڭ خەلىپىسى بولۇشتا ھەقىقەتەن يارقىن ئۈلگىدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بارلىق مۇسۇلمانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، اللەنىڭ قانۇنىنى زېمىندا ئىجرا قىلىدىغان خەلىپە بولۇشنىڭ نەقەدەر ئېغىر مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ بۇ بۈيۈك ۋە شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا پارلاق ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى بارلىق پۇقرالارنىڭ «پادىچىسى» خىزمەتچىسى دەپ بىلەتتى. ئۇ بىرەر مۇسۇلمان ئاچ قالسا، ئۇنى تويغۇزۇشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيتى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۆزى بىۋاستە نامرات، مىسكىنلەرگە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئۇ كېچىلىرى مەدىنە كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى. خەلىپىنىڭ ئىشىكى ھەر قانداق بىر ھاجەتمەنگە ئوچۇق بولۇپ، ھاجەتمەنلەر ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆز ھاجەتلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتالايتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەتتا بىرەر ھايۋانغا زۇلۇم قىلىنىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆزىدە دەپ قاراپ، ئات، ئىشەك، تۆگىلەرگە يۈك بېسىش نورمىسىنى بېكىتكەن ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇممەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولغان «پادىچى» ، بەلكى «ئاتا» بولغانىدى.

ساھابىلەر ئەمەل ـ مەنسەپ تۇتۇشتىن ئۆزلىرىنى تارتىشاتتى. ئۇلار قابىلىيەتسىز،

قورقۇنچاق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيىتىدىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنى تولىمۇ كەمتەر تۇتىشاتتى. ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى جايىدا ئادا قىلغان ساھابىلەردەك ياخشى ئىنسانلارغا اللەنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

يالداما نەقەدەر بۈيۈك شەرەپلىك پارلاق مىسكىن ھاجەتمەن نورما ئىزھار قىلىش خۇتبە باش تارتىش جىددىي كىلىشىم تەشەببۇس قىلىش مۇرتەد يارقىن ئەمەل ـ مەنسەپ قابىلىيەتسىز

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

يالداما ________، ________ بۈيۈك ________، ________

شەرەپلىك ________، ________ يارقىن ________، ________

پارلاق ________، ________ جىددى ________، ________

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

تەشەببۇس قىلىش ئىزھار قىلىش باش تارتىش قەتئىيلىك بىلەن

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش خۇتبىسىدە ئۆز مەسلىيتىنى بايان قىلىپ نېمە دېگەن؟ ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى نېمە؟

2) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكات بېرىشتىن باش تارتقان مۇرتەدلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن؟

3) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئۈممەتنىڭ نېمىسى دەپ بىلەتتى؟

4) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايسى ئىشلارنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دەپ قارىغان؟ ئۇ ئىشلارنى قانداق ھەل قىلغان؟

5) ساھابىلەر ئەمەل ـ مەنسەپ تالاشقانمۇ ياكى ئۆزىنى قاچۇرغانمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

6. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىرىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟

7. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن نىمىلەرنى ھېس قىلدىڭلار؟

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ شۇ جۈملىدە كۆرسىتىدىغان مەنىلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1) سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىڭلاردىن سورىلىسىلەر.

2) ئەركىنلىك بولغاچقىلا مەسئۇلىيەت بولىدۇ.

3) اللە ھەر بىر ئىنسانغا مەلۇم دائىرىدىكى ئەركىنلىك بەرگەن.

2. تۆۋەندىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەسلەڭلار.

تەلىم بەرمەك   شۇغۇللانماق   بۇرچ   تۆھپە قوشۇش   پاساتچىلىق   پىرىنسىپ
سۈرۈشتە قىلىش   ئۆزلەشتۈرۈش   كاپالەتلىك قىلىش   ئەركىنلىك   زىت   زىچ
ئۆز مەيلىچە   يۈكلەنمەك   دائىرە   ماھىيەت   ئىقتىساد   ھۆددىسىدىن چىقىش
يالداما   پارلاق   ئىزھار قىلىش   خۇتبە   تەشەببۇس قىلىش   مۇرتەد   يارقىن

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

پارلاق ـــــــــ،ـــــــــ          ـــــــــ تۆھپە ـــــــــ

ـــــــــ،ـــــــــ پىرىنسىپ          ئىختىيارىي ـــــــــ،ـــــــــ

زىچ ـــــــــ،ـــــــــ          زىت ـــــــــ،ـــــــــ          ـــــــــ،ـــــــــ بۇرج

مەجبۇرىي ـــــــــ،ـــــــــ          يارقىن ـــــــــ،ـــــــــ

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

شۇغۇللىنىش    سۈرۈشتە قىلىش    ئۆزلەشتۈرۈش    ھۆددىسىدىن چىقىش    توختاملىشىش    مەدەت تىلەش    تەشەببۇس قىلىش    ئىزھار قىلىش

5. بىر ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلارنى ۋە ئۇلارنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىڭلارنى بايان قىلىپ بىر پارچە يېزىڭلار.

6. پىكىر بايان قىلىڭلار.

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەكىتلەپ نېمە دېگەن؟

2) ئىسلام دىنى نېمە ئۈچۈن مەسئۇلىيەتچانلىقا بۇيرۇيدۇ؟

3) ھېچ ئەركىنلىكى بولمىغان ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنامدۇ؟

4) « مەسئۇلىيەت ئەركىنلىكتىن كېلىدۇ» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىمىز؟

5) سىزنىڭچە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش شۇنچە ئاسانمۇ؟ جەمئىيەتتە كىملەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەممىدىن ئېغىر؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ


**5 ـ بۆلەك**



www.uyghurkitap.com

# اللەنىڭ نېئمەتلىرى





مېھرىبان، سېخى رەببىمىز اللە بىزگە سان ـ ساناقسىز نېئمەتلەرنى ئاتا قىلدى. ئالدىنقى كىتابىمىزدىكى «مېھىر ـ شەپقەتلىك اللە» دېگەن دەرسىمىزدە اللەنىڭ بەزى نېئمەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتكەندۇق. اللەنىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش مۆئمىنلەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. اللە قۇرئان كەرىمدە بىزگە «نېئمەتلىرىمنى ئەسلەڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلغان. اللەنىڭ نېئمەتلىرىنى تونۇش ۋە ئەسلەش ئارقىلىق رەببىمىزنىڭ رەھمىتىنى ھېس قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتماي تۇرالمايمىز، بىز ھەقىقەتەن اللەغا مۇھتاجمىز، بارچە ياخشىلىق اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر. قېنى كېلىڭلار، بىز رەببىمىزنىڭ بەزى نېئمەتلىرىنى بىرلىكتە ئەسلەپ، ئۇنىڭغا شۈكرىلەر ياغدۇرايلى!

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 13. رەھمەت يامغۇرى

www.uyghurkitap.com



سالقىن شامال، ساپ، نەمخۇش ھاۋا. ئۇششاق، يېقىملىق يامغۇر تامچىلىرى يۇزۇمنى سۆيمەكتە. توختىماي چۈشىۋاتقان، تامچە ـ تامچە بەرىكەتلىك سۇغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالدىم. شۇ ھامان ئېسىمگە مۇنۇ ئايەت كەلدى: «بىز ئاسماندىن مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق»(سۇرە قاف، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئاسمان سۇزۇك، گۈزەل ئىدى، يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ئۇ ھەقىقەتەن يېغىۋاتاتتى. ئۇ بىر ئوچۇملا نەرسە ئەمەس، سان ـ ساناقسىز تامچە؛ بۇ بىر پارچە يەرگىلا ياغمايدۇ، بەلكى چوڭ دائىرىنى قاپلىغان؛ ئۇ نامراتنىڭ ئۆيىگىمۇ، باينىڭ ئۆيىگىمۇ يېغىۋاتىدۇ؛ ئۇ بۇغداينىڭ ئۈستىگىمۇ ھەم دەل ـ دەرەخنىڭ ئۈستىگىمۇ ھەم ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىگىمۇ ھەم يېغىۋاتىدۇ. ھەممىگە ياغقان رەھمەت يامغۇردىن تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ نامايەندىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم : «رەببىمىز، سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ »(سۇرە غافىر، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

يامغۇر مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. مەن كىچىكىمدىنلا يامغۇرنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. يۈزلىرىمگە، قوللىرىمغا، ئۈستى ـ بېشىمغا يامغۇر تامچىلىرى چۈشكەندە ئاجايىپ شادلىققا چۆمەتتىم. يامغۇردىن كېيىن ئەتراپتىكى چاڭ ـ توزانلار بېسىققان، ھاۋا تولىمۇ ساپ ئىدى. يامغۇر ياغقان چاغدىكى نەمخۇش

پۇراق مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پۇراق ئىدى. ئۈستىدە سۇپسۇزۇك يامغۇر تامچىسى لىغىرلاپ تۇرغان گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەرمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش شاد-خوراملىققا چۆمگەندەك ھېس قىلاتتىم. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار يامغۇرنى ئىبارەت ھاياتلىق مەلھىمى بىلەن كۆكلەپ سۆيۈنىدۇ ئەمەسمۇ ؟! ئويلاپ بېقىڭ، ھەممە جانلىققا ھەقسىز، پاكىز ئىچىملىك تارقىتىلسا، ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن قانغۇدەك ئىچەلىسە، بۇ نېمىدېگەن سېخىيلىك، نېمىدېگەن كاتتا ئېھسان! اللەنىڭ رەھمىتى مانا يامغۇر ئارقىلىق ئىپادىلەنمەكتە. رەھمەتلىك اللە ھاياتلىقنىڭ جان-تومۇرى بولغان سۇنى ناھايىتى سۆيۈملۈك ھالەتتە ئۇششاق-ئۇششاق تامچە قىلىپ، سېخىيلىق بىلەن زېمىنغا چۈشۈرۈپ، ھەممىنىڭ ئۇسسۇزلىقىنى قاندۇرىدۇ، ھاياتلىق بېغىشلاپ تىرىلدۈرىدۇ.

اللە ھەقىقەتەن ھەمدۇ-ساناغا لايىق رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئايىغى تەگمىگەن نۇرغۇن جايلاردىكى ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋاناتلار پۈتۈنلەي اللەنىڭ رەھمەت يامغۇرىغا تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. بەزى جايلاردا دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرى، باغلاردىكى دەل-دەرەخلەر بىۋاستە اللەنىڭ رەھمەت يامغۇرىغىلا تايىنىپ، ئېسىل، بولۇق مېۋىلەرنى بېرىدۇ. يەنە كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، بەزى جايلاردا يامغۇر ياغمىغانلىقتىن، ھېچنەرسە ئۈنمىگەن، بۇنداق جايلاردا ئىنسانلارمۇ سۇسىز قالىدۇ. دېمەك، ھەممە اللەقا مۇھتاجدۇر، اللە ھەممىگە رەھمەت قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان بەرىكەتلىك رەببىمىزدۇر. كېلىڭ قېرىنداشىم، قوللىرىڭىزنى ئاسمانغا، اللە تەرەپكە سۇنۇڭ، «ئى رەببىم، ماڭا رەھمەت ئاتا قىلغىن، سەن ئەڭ رەھمەتلىكسەن» دەڭ، ھەقىقەتەن اللەنىڭ رەھمىتىنى ھېس قىلسىڭىز، ئويلىنىڭ، تەپەككۇر قىلىڭ، قوللىرىڭىزغا چۈشىۋاتقىنى ھەقىقەتەن اللەنىڭ رەھمىتىدۇر. «رەببىنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى، ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرەلدۇرىدۇ، اللە ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۇرگۈچىدۇر»( سۈرە

(رۇم، 50 ـ ئايەت)

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

سالقىن ئەس زامان ئۇچۇم نامايەندە مەھلىيا قىلىۋالماق شادلىقتا چۆممەك چاك ـ تۇزانلار بېسىقماق لىغىرلاش گۈل ـ گىياھ شاد ـ خۇراملىق مەلھەم سۆيۈنمەك قانغىدەك سۆيۈملۈك ھايات كەچۈرۈش زىرائەت

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

سالقىن ________، ________ قانغىدەك ________، ________

سۆيۈملۈك ________، ________ سۈپسۈزۈك ________، ________

نەمخۇش ________، ________ يېقىملىق ________، ________

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

نامايەندە شادلىقتا چۆمۈش بېسىقىش قېنىش

بېغىشلاش ھايات كەچۈرۈش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) يامغۇر ياغقاندا ھاۋا، ئاسمان قانداق بولىدۇ؟

2) ئاپتور يامغۇرنىڭ بېغىشىنى قانداق تەسۋىرلىگەن؟

3) ئاپتور نېمە ئۈچۈن يامغۇرنى ياخشى كۆرىدۇ؟

4) نېمە ئۈچۈن يامغۇرنى اللەنىڭ رەھمىتى دەيمىز؟

6. يامغۇرنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىڭلار، شۇ ئارقىلىق قۇرئان كەرىمدىكى يامغۇر ھەققىدىكى ئايەتلەردىن ئۆزۈڭلارغا تونۇشلۇق بولغانلىرىنى توپلاپ، مەنىسىنى

چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئۆز ـ ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 14. رەھمەت نۇرلىرى



كۈندۈز بىر ـ بىرىدىن زور پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل ئەھۋالدۇر. كېچە قاراڭغۇلۇقى بىلەن قەلبلىرىمىز سۈر باسسا، كۈندۈزنىڭ يورۇقىداخاتىرجەم ياشايمىز. ئۇماق قېرىنداشلار، سىلەر كېچىنى ياقتۇرامسىلەر ياكى كۈندۈزنىمۇ؟ ئەلۋەتتە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەھمىيىتى بار. كېچە بىزنىڭ ئارام ئالىدىغان ئىسراھەت ۋاقتىمىز بولسا، كۈندۈز پائالىيەت قىلىدىغان ئىشلەش ۋاقتىمىزدۇر. شۇڭا بىزگە نىسبەتەن كۈندۈز ناھايىتى مۇھىم ۋاقىتتۇر.

سىلەرگە ئالدىنقى كىتابىمىزدا كېچە ـ كۈندۈزنىڭ قانداق ئالمىشىدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەرگەنىدۇق. كۈندۈز زېمىنىنىڭ قۇياشقا يۈزلەنگەن ھالىتىدۇر، كۈندۈزدىكى يورۇقلۇقنىڭ مەنبەسى قۇياشتۇر. زېمىنغا كەلگەن نۇر ۋە ئىسسىقلىقنىڭ مەنبەسى بولغان

www.uyghurkitap.com

قۇياش زېمىننى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىگۈچى زاۋۇتقا ئوخشايدۇ. قۇياش ناھايىتى زور ھەجىمدىكى گاز شارى بولۇپ، مەركىزىدە توختىماستىن «ئاتوم پارچىلىنىش» رېئاكسىيىسى يۈز بېرىپ، غايەت زور مىقداردىكى ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق ھاسىل قىلىدۇ. قۇياش زېمىندىن تولىمۇ يىراقتا، بولمىسا بىز قۇياشنىڭ قىززىق ھارارەتلىك دەپتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتۇق. ئەگەر سەل يىراق بولۇپ قالسا، زېمىنغا يېتەرلىك نۇر ۋە ئىسسىقلىق كەلمەي، توڭلاپ قالغان بولاتتۇق. قۇياشنى ۋە زېمىننى ياراتقان ئاللە بىزنىڭ نورمال ھايات كەچۈرىشىمىز ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى مۇۋاپىق بەلگىلىگەن. ئاللە بەندىلىرىگە تولىمۇ رەھمەتلىكتۇر.

قۇياشتىن كەلگەن نۇرلار يېتەرلىك ھالەتتە ناھايىتى مول بولۇپ، ناھايىتى چوڭ زېمىننى قاپلىيالايدۇ. ئالقانچىلىك يەرگە چۈشكەن قۇياش نۇرىنىڭ ئېنېرگىيىسى بىز ئۆيىمىزدە ياندۇرىدىغان ئېلېكتر لامپىسىنىڭ ئېنېرگىيىسىگە تەڭ كېلىدىكەن، ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر ئاللە بىزگە نۇر چېچىش ئۈچۈن قۇياشنى يارىتىپ بەرمىگەن بولسا، كىممۇ ئۇنداق كۆپ ئېلېكتر لامپىلىرىنى ياساپ، زېمىن يۈزىنى يورىتالىسۇن؟! ئاللە ھەقىقەتەن كەڭرى رەھمەت ئىگىسىدۇر، بىز ئىنسانلار بولساق تولىمۇ ئاجىز، ئاللەقا تولىمۇ مۇھتاجمىز. ئاللە بىزدىن ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلماي، بىزگە قۇياش نۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر كۈندۈزدە زېمىنغا يېتىپ كېلىدىغان قۇياش نۇرىنىڭ ئېنېرگىيىسى نەچچە مىيون تونىنا كۆمۈرنىڭ ئېنېرگىيىسىگە باراۋەر كېلىدىكەن. بىز ياشاش ئۈچۈن قۇياش نۇرىغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق، باشقا جانلىقلار-ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرمۇ ھەم شۇنداق. ئەگەر نۇرى بولمىغان بولسا، زېمىندا ھاياتلىقتىن ئەسەر قالمايتتى. بارلىق مەۋجۇداتلار مۇزلاپ قېتىپ قالغان، ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ئۈنمىگەن، ھەممىسىگە ئۇششۇك تېگىپ كەتكەن بولاتتى، پۈتۈن زېمىننى زۇلمەت قاپلىغان بولاتتى. بىزگە سېخىيلىق بىلەن قۇياش نۇرلىرىنى ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ئاللەقا شۈكرىلەر

بولسۇن! اللە بىزگە كۇندۇز نىئمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ:« ئەگەر اللە سىلەرگە كېچىنى قىيامەت كۇنىگىچە داۋاملىشىدىغان قىلىپ قويسا، اللەتىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە كۇندۇزنىڭ نۇرىنى ئېلىپ كىلەلەيدۇ، سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟»( سۇرە قەسەس). بىز ھەقىقەتەن مۇنداق دېمەي تۇرالمايمىز:«جىمى ھەمدۇ-سانالىرىمىز ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەت بىلەن نۇرنى پەيدا قىلغان اللەقا خاستۇر»(سۇرە ئەنئام 1-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

پەرقلەنمەك سۇر بېسىش خاتىرجەم ئۆزگە تۇشلۇق ئىستىراھەت پائالىيەت تەمىنلىگۇچى مەركەز غايەت دەپتى لامپا تەلەپ قىلىش توننا ئەسەر ئۇششۇك زۇلمەت بۆلەك

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۇزۇڭلار.

غايەت ______، ______ خاتىرجەم ______، ______

______، ______ نۇرى زور ______، ______

ئېنېرگىيە ______، ______ ______، ______ مەركىزى

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۇملە تۇزۇڭلار.

ئىسراھەت پائالىيەت ھايات كەچۇرۇش ئۇششۇك تېگىش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) كېچە بىلەن كۇندۇزنىڭ قانداق پەرقى بار؟

2) كۇندۇز قانداق شەكىللەنگەن؟ تېكىستتە بېرىلگەن سۇرە قەسەسنىڭ مەزمۇنى بىلەن

بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭ.

3) كۆندۈزدىكى ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق مەنبەسى نېمە؟

4) قۇياش بىلەن زېمىننىڭ ئورنى ھازىرقىدەك مۇۋاپىق بولمىغان بولسا قانداق بولاتتى؟

5) قۇياشتىن كەلگەن نۇر ۋە ئىسسىقلىقنى ئىنسانلارنىڭ ھاسىل قىلىپ، زېمىننى كۆندۈزدەك يورۇتالىشى مۇمكىنمۇ؟

نېمە ئۈچۈن؟

6) كۆندۈز بولمىسا زېمىندا جانلىقلار ياشىيالامدۇ ؟

6. كۆندۈزنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىڭلار ۋە اللەنىڭ بىزگە كۆندۈزنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ھەققىدىكى ئايەتلىرىنى تopلاپ، مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىۋېلىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 15. تائامىمىزغا قاراپ بېقىڭ





(1)

ئېيتتى رەببى ئىنسانغا خىتاب قىلىپ،
قاراپ باققىن سەن يېگەن تائامىڭغا.
ئويلان ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى،
كەلدى نەدىن بۇغداي، گۈرۈچ ۋە ئارپا.

(2)

كۆزەتكىن، ئەقىل كۆزۈڭنى سەن ئېچىپ،
قانداق ئۇندى جانسىز تۇپراقتا كۆك مايسا.
قايسى كۈچ ئۇ بۇغدايلارنى كۆكلەتكەن،
يەنە قانداق بولۇپ دانلار تۈتتى باشاقتا.

(3)

ئېتىزدىكى ئوخشىغان سەي ـ كۆكتاتلار،
شەكىللىرى، رەڭلىرى ۋە تەملىرى ھەرخىل.
ۋە لېكىن كىرسە تەنگە ئوخشاش ئۈزۈقتۇر،
كۆرمەمسەن رەببىڭنىڭ كارامىتى سەرخىل.

(4)

كىم سۇغاردى ئېتىز ـ ئېرىق، باغلارنى،
كىم بېرىدۇ دەل ـ دەرەخكە ئۈزۈقنى.
كىم باھاردا ئېچىلدۇرار گۈللەرنى،
كىم ئۇ يازدا پىشۇرغان مېۋىلەرنى.

(5)

قارىمامسەن سەن ئامراق گۆشلەرگە،
كىم ياراتتى كالا، تۆگە، قويلارنى.

(6)

ئەجەب تەملىك، شىپالىق قۇشلار گۆشى،
تۇخۇملىرى ئۇلارنىڭ ياخشى ئوزۇق.

كىم ئۇلارنى بويسۇندۇرغان ئىنسانغا.  ئويلاپ باقمىن، كىم بويسۇندۇرغان ئۇلارنى،

كىم ياراتتى ئۇلارغا يەم ـ خەشەكنى،  قانىتىغا «ئۇچما» دەپ بېرىپ بۇيرۇق.

(7)

ۋاپاسىز، ئىنساپسىز بولما، ئەي ئىنسان،

كافىر بولما رەببىڭنىڭ نېئمىتىگە.

بەلكى شۈكرى ئېيت، سۆيۈنۈپ دىلىڭدىن،

ئۇندا رەببىڭ كىرگۈزىدۇ رەھمىتىگە.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنى راۋان، ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. شېئىردىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

خىتاب  باشاق  سەي ـ كۆكتات  سەرخىل  ياراتماق  يەم ـ خەشەك  تەملىك

ۋاپاسىز  ئىنساپسىز

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

سەرخىل ________، ________  ئەسلى ________، ________

جانسىز ________، ________  شىپالىق ________، ________

تەملىك ________، ________  ________، ________ ئۇزۇق

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

خىتاپ قىلىش  بويسۇندۇرۇش  سۆيۈنۈش  يارىتىش

5. شېئىرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) بىز يەۋاتقان تائاملىرىمىزدا قانداق ئاشلىقلار بار؟ ئۇلار ئەسلى نەدىن كەلگەن؟

2) مايسىلارنى ئۈندۈرگەن كىم؟ (قانداق ئۈندۈرۈپ، ئۇزۇق توشقۇزىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

بېقىڭلار.)

3) سىز ياخشى كۆرىدىغان سەي ـ كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەر قايسىلار؟ ئۇلار نەدىن كەلگەن؟

4) كىم دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇندۇرۇپ، ئۇزۇقلۇقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؟ كىم ئۇلارنىڭ گۈللىرىنى مېۋىگە كىرگۈزىدۇ؟

5) شېئىرنىڭ 5 ـ كوپلېتىدىكى سوئالغا جاۋاپ بېرىڭ.

6 ) شېئىرنىڭ 6 ـ كوپلېتىدىكى سوئالغا جاۋاپ بېرىڭ.

6. شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى سۈرە نەبەسەدنىڭ 24 ـ 32 ئايەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1. بېرىلگەن سۈپەتلەردىن پايدىلىنىپ، تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى سۈپەتلەڭلار.

سۈپەتلىنىدىغان نەرسىلەر: ھاۋا، شامال، قۇياش نۇرى ،مايسا، گۈللەر

سۈپەتلەر: ساپ، نەمخۇش، ئىللىق، لەرزان، ھارارەتلىك، ياپيېشىل، يۇمران، تەملىك، لەززەتلىك، رەڭگارەڭ، گۈزەل، نۇرلۇق، تۇمەن، ئوچۇق، مول، يورۇق

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەسلەڭلار.

www.uyghurkitap.com

سالقىن زامان نامايەندە مەھلىيا قىلىۋالماق شادلىقتا چۆممەك بېسىقماق

مەلھەم سۆيۈنمەك گۈل-گىياھ زىرائەت پەرقلەنمەك سۈر باسماق ئۆزگە

تۈشلۈق ئىستىراھەت پائالىيەت دەپتى ئەسەر ئۈششۈك زۇلمەت خىتاب

باشاق سەرخىل تەملىك ۋاپاسىز ئىنساپسىز

3 تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

سالقىن ________، ________ پاك ________، ________

نەمخۇش ________، ________ سۈيۈملۈك ________، ________

غايەت ________، ________ خاتىرجەم ________، ________

ئەسلى ________، ________ شىپالىق ________، ________

4 تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

نامايەندە ، شادلىقتا چۆمۈش ، بېغىشلاش، ئىستىراھەت ، پائالىيەت ، خىتاب قىلىش ، سۈيۈنۈش، بويسۇندۇرۇش

5. ئۆزۈڭلارغا تونۇشلۇق بولغان ، سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئاللەنىڭ بىر نېئمىتىنى تاللاپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ بىر پارچە ماقالە يېزىڭلار.

6. پىكىر بايان قىلىڭلار.

1) ئاللەنىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلەشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

2) يامغۇر نېئمىتىدىن ئاللەنىڭ قايسى سۈپەتلىرىنى بىلىۋالدىڭلار؟

) قۇياش نۇرى نېئمىتىدىن ئاللەنىڭ قايسى ئىسىم-سۈپەتلىرىنى كۆرىۋالدىڭلار؟

4) ئاللەنىڭ بىزگە تۈرلۈك رىزىق ئاتا قىلغانلىقىدىن نېمىلارنى ھېس قىلدىڭلار؟

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

**6 ـ بۆلەك**

# پىداكارلىق



پىداكارلىق ـ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئاتاش بولۇپ، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. اللە بەندىلىرىگە تولىمۇ كۆيۈمچان، مەرھەمەتلىكتۇر. ئىنسانغا رەببى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەكرەك شەپقەتلىكتۇر. ئىنسان پايدىلىنىۋاتقان، ياخشى كۆرىدىغان بارچە نەرسىنى اللە ئۇنىڭغا بەرگەن، ئۇنداق بولغانىكەن، ئىنسان نېمىشقا رەببىنى ياخشى كۆرمىسۇن، نېمىدەپ ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرمىسۇن؟! ئۆز رەببىنى تونىغان، ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى، رەھمىتىنى ھېس قىلغان مۆئمىن ئۆزىنى اللە يولىدىكى پىداكار جەڭچىگە ئايلاندۇرىدۇ، اللە ھەم بىزنى پىداكار بولۇشقا، ياخشى يوللىرىغا ئايىماي سەرپ قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ پىداكارلىق ھەرگىزمۇ نەتىجىسىز قالمايدۇ، ئۇنىڭ مۇكاپاتى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل جەننەتلەردۇر.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 16. بارلىقىم الله ئۈچۈن




الله بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، ئىبادىتىم ۋە قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى الله ئۈچۈندۇر»(سۈرە ئەنئام). «ھاياتىم ۋە ماماتىم، بارلىقىم ئالەملەرنىڭ رەببى الله ئۈچۈندۇر». مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ يىداكارلىق شۇئارىدۇر. رەببىمىز الله پەيغەمبىرىمىزنى بىزگە ئۈلگە قىلىپ، بىزنى بۇ چاقىرىققا چاقىرىۋاتىدۇ.

ئۇماق قېرىنداشلار، سىلەرچە بىر ئىنسان قانداق قىلىپ ئۆزىنى بىرىگە ئاتىيالىشى مۇمكىن؟ ئىنسان تۇغما شەخسىيەتچى كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىگە نەپ تېگىشنى ئويلايدۇ، ئەمما الله ئىنسان قەلبىگە مېھىر-مۇھەببەتتىن ئىبارەت نېئمەتنى سالغان بولۇپ، مۇشۇ نېئمەتنىڭ تەسىرىدە بىر ئىنسان باشقىلارنى ئۆز نەفسىدىن ئۈستۈن كۆرەلەيدۇ، ئۆزىدە بار نەرسىلەرنى باشقىلارغا بېرەلەيدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى، زېھنىنى، ئىسسىق جانلىرىنى يىدا قىلىشى مۇمكىن. دېمەك، يىداكارلىق مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىز ئاتا - ئانىمىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمىز، چۈنكى ئۇلار بىزنى كىچىكىمىزدىن

تارتىپ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چىكىپ چوڭ قىلغان. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىن پەقەت ۋاپادارلىقلا تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالساق، ياخشى ئىشلاردا ئىتائەت قىلساق، ئۇلار ياشىنىپ قالغاندا ھالىدىن خەۋەر ئالساق، ئۇلار بىزدىن ناھايىتى رازى بولىدۇ. بىز يەنە قان ـ قېرىنداشلىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، بىز يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىمىز. قاراپ باقساق، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ قەلبىگە بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى سالغان، قېرىنداشلار ئارا مېھىر ـ مۇھەببەت پەيدا قىلغان، بىزگە بىز ياخشى كۆرىدىغان نېئمەتلەرنى بەرگەن ئاللە ئىكەن. بىزگە بىجىرىم تەن ئاتا قىلغان، ئۆتكۈر ئەقىل بەرگەن يەنىلا ئاللە ئىكەن. دېمەك، ئاللە بىزگە تولىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى، بەلكى ھەممىنى ئاتا قىپتۇ. ئاللەنىڭ بىزگە ئاتا قىلغىنى ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەن. كىشىلەر ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بويرىغانلىرىنى جان ـ دىلى بىلەن ئورۇنلايدۇ. بىز نېمىشقا بىزدىكى ھەققى ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ ھەققىدىنمۇ ھەققىدىنمۇ چوڭ بولغان ئاللەنىڭ بويرۇقلىرىنى ئورۇنداش يولىدا ئۆزىمىزنى ئاتىمايمىز؟!

ھەقىقەتنى تونىغۇچىلار ھەممە نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ، ئاللە بىزگە بارچىنى بەرگەن، بىزنىڭ بەدىنىمىز، روھىمىز ئاللەنىڭدۇر، قەلبلىرىمىزمۇ ھەم ئاللەنىڭدۇر؛ بىز پايدىلىنىۋاتقان بارلىق نەرسىلەر ئاللەنىڭدۇر. ئاللە ئۇلارنى بىزگە ھەقسىز بەرگەن، ئاللەنىڭ رەھمىتى تولىمۇ كەڭرى ۋە ئۇلۇغۋاردۇر. بۇ ئۇلۇغۋار شەپقەتكە چوقۇم سەممىمي، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇش كېرەك. رەببىمىزدىن ھېچنەرسىنى ئايىماسلىق كېرەك، چۈنكى بىز ئۇنىڭمىز، بىزدىكى نەرسىلەر ھەم ئۇنىڭدۇر. ئۇ بىزگە ئەڭ رەھمەتلىكتۇر. دېمەك، ھەر بىر ئىمان ئىگىسى بارلىقىنى ئاللەقا ئاتىشى، پىداكارلىق كۆرسىتىشى كېرەكتۇر. ئەنە شۇ پىداكار مۆئمىنلەرگە خۇش مۇبارەك بولسۇن!

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

قۇربانلىق    مامات    شۇئار    شەخسىيەتچى    نەپ تەگمەك    جاپا ـ مۇشەققەت    كۆڭلىنى ئالماق    ياشىنىپ قېلىش    رازى بولۇش(قىلىش)    پەيدا قىلىش    تەن    ئۆتكۈر    ھەسسە    ئۇلۇغۋار    ئايىماسلىق    مۇبارەك

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

شەخسىيەتچى ________، ________    ئۆتكۈر ________، ________

ھەقسىز ________، ________    ئۇلۇغۋار ________، ________

چوڭقۇر ________، ________    پىداكار ________، ________

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

نەپ تەگمەك    پىدا قىلماق    بېقىپ چوڭ قىلىش    كۆڭلىنى ئېلىش    رازى بولماق

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) مۇسۇلمانلارنىڭ پىداكارلىق شۇئارى قايسى؟

2) ئىنسان قانداق قىلىپ شەخسىيەتچىلىكنى يېڭىپ، ئۆزىنى بىرىگە ئاتىيالايدۇ؟

3) سىز دۇنيادا ھايات كىشىلەردىن كىمنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىسىز؟نېمە ئۈچۈن؟

4) سىز قايسى نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىسىز؟ ئۇلارنى سىزگە كىم بېرىدۇ؟

5) سىزگە كىمنىڭ بەرگەنلىرى ھەممىدىن كۆپ؟ كىم سىزگە ھەممىدىن كۆيۈمچان ۋە شەپقەتلىك؟

6) بارچە نەرسىنى الله يولىدا پىدا قىلىش نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرچى ھېسابلىنىدۇ؟

6. تېكىستنىڭ باش قىسمىدا بېرىلگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ئىرادە باغلاڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 17. جەننەتكە ئالدىرىغان باللار



ئۇماق قېرىنداشلار، سىلەر جەننەتنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ ئۇنداقتا سىلەر جەننەتكە يەتكۈزىدىغان بىرەر ئەمەلگە ئالدىراپ باقتىڭلارمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەربىيەلىنىشكە مۇيەسسەر بولغان ساھابە باللار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە تولىمۇ ئىشتىياق باغلىغانىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماستىن، جەننەتكە يەتكۈزىدىغان ئەمەلگە ئالدىراشقانىدى. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دەۋىتىگە ئاۋاز قوشقان ئەنسارىلار ۋە مۇھاجىرلار قوشۇنى كافىرلارغا قارشى جىھادقا ئاتلانغانىدى. قوشۇن ئىچىدىكى كىچىك بىر جەڭچى

بىر نەرسىدىن تولىمۇ ئەنسىرەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىزتىراپى چېكىگە يېتىپ، بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. سىز ئۇنى ئۇرۇشقا چىقىشتىن قورقۇپ يىغلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان بولسىڭىز، پۈتۈنلەي خاتالىشىسىز. ئەكسىچە ئۇ كۆزىنى كىچىك دەپ جىھادقا قاتناشتۇرماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاكىسى سەئىد ئىبنى ئەبي ۋەققاس ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مېنى كىچىك كۆرۈپ قايتۇرىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ يىغلاۋاتىمەن» دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىدە ئوت بولۇپ يانغان، الله يولىدا بارلىقىنى ئاتاش پىداكارلىقىدىن تەسىرلەنگەن ئاكىسى چوڭ قىلىچىنى باشقۇرالماي قالغان ئىنىسىگە قىلىچنى قاملاشتۇرۇپ ئىسىپ قويىدى. ئۇ قىلىچىنى كۆتۈرەلمىگەچكە، ئاكىسى قىلىچىنىڭ دەستىسىنى قىسقارتىپ بەرگەنىدى. جەننەتكە ئالدىرىغان بۇ شاكىچىك ئۆزىنىڭ قىلىچىنى بىمالال كۆتۈرگۈدەك بولغۇچە ساقلاشقا تاقەت قىلالمىغانىدى.

راست دېگەندەك سەپلەرنى تۈزەۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇمەيرنى كۆرۈپ، قايتىپ كېتىشكە بۇيرىدى. ئۇمەير ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭ قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئۆزىنى قايتۇرىۋەتمەسلىكىنى ئۆتۈندى. باشقا ئەنسارىلار ئۇنىڭ ئوقيا ئېتىشتا ماھىر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ قېلىشىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا مېهرىبانلىق قىلىپ، ئەسلى ئۇنى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغاندا ئاندىن جىھادقا قاتناشتۇرماقچى ئىدى. ئەمما ئۇمەيرنىڭ كۈچلۈك ئىشتىياقى ۋە پىداكارلىق روھى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى تەسىرلەندۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ جىھادقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت بەردى. كىچىككىنە قەلبىتىكى بۇ پىداكارلىقنى كۆرۈڭ! الله تېخى ئۇنىڭدىن بۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلمىغانىدى، ئەمما ئۇ ساقلاشقا، رەببىگە ئۆزىنى ئاتاشنى كېچىكتۈرۈشكە چىداپ تۇرالمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

جىھاد «ئاللە ئۇلۇغدۇر!» شۇئارى بىلەن باشلىنىپ كەتتى، ئۇمەيىر پىداكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ كىچىكلىكىگەقارىماي، ئۆزىدىن چوڭ مۇشرىكلار بىلەن جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشاتتى، ئاللە بۇ كىچىك مۇجاھىدنىڭ پىداكارلىقى ئۇچۇن، ئۇنى بەدرى غازىتىدا شەھىدلىككە ئېرىشتۇردى. ئاللە ئۇنىڭ سەبىي، پاك روھىنى ئۆز رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزسۇن(ئامىن!). ئۇ شېھىد بولغاندا ئاران 15؟ ياشتا ئىدى.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

مۇيەسسەر ئاۋاز قوشماق ئاتلانماق جەڭچى ئەنسىرەش ئىزتىراپ چېكىگە يەتمەك بۇقۇلداپ يىغلاش ئەندىشە قىلىش تاقەت قىلماق ئىسەدەپ يىغلاش ئۆتۈنمەك ماھىر كىچىكتۇرۇش جان ـ جەھلى بىلەن روھ

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

جەڭچى ـــــــــ، ـــــــــ ماھىر ـــــــــ، ـــــــــ

كىچىك ـــــــــ، ـــــــــ ـــــــــ، ـــــــــ روھى

ئىشتىياق ـــــــــ، ـــــــــ ـــــــــ، ـــــــــ بېغىشلاش

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

مۇيەسسەر بولۇش ئەنسىرەش ئاتلىنىش كېچىكتۇرۇش

جان ـ جەھلى بىلەن

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيلىگەن بالا ساھابىلەر قانداق ئىدى؟

2) بەدرى غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىكى كىچىك جەڭچى نېمە ئۈچۈن

يىغلايدۇ؟

3) ئۇمەيىرنىڭ جەڭ قورالى قانداق ئىدى؟

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمەيىرنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرىۋەتمەكچى بولدى؟

5) ئۇمەيىر قانداق قىلىپ جىھادقا قاتنىشالىدى؟

6) ئۇمەيىرنىڭ جىھادتىكى مۇكاپاتى نېمە بولدى؟

6. ئۇمەيىرنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن ئالغان تەسىراتىڭلارنى بايان قىلىڭلار ھەمدە شاكىچىكنىڭ نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇلسىمۇ ئۇنىماي جىھادقا قاتنىشىشىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 18. تىرىك شېھىت

ئۇماق قېرىنداشلار، سىلەر «تىرىك شېھىت»نىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ «تىرىك شېھىت» دېگەن بۇ نامنى كىشىنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ، چۈنكى بىز اللە يولىدا قۇربان بولغانلارنى «شېھىت» دەپ ئاتايمىز. ئەمما ھايات تۇرۇپ قانداق «شېھىت» دەپ ئاتىلىدۇ؟ مۇبارەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى اللە يولىغا پۈتۈنلەي ئاتىغان بىر پىداكار ساھابىنىڭ تىرىك تۇرۇپلا شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ماختىغان، ئۇ شۇ سەۋەبتىن «تىرىك شېھىت» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا تەيمىيەدۇر.

ئۇھۇد كۈنى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېغىر سىناق بولغانىدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە

هوجۇم قىلىپ كەلگەن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ دەككىسىنى بېرىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا قارارگاھ قۇرۇپ ئورۇشقا تەييارلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئوقياچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئارقا مۇداپىئە سېپىدىن ئايرىلماسلىقنى جېكىلىدى. اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ساھابىلەر جاسارەت بىلەن جەڭگە كىرىپ كەتتى. اللە ئۆزىنىڭ يولىدا ئىسسىق قانلىرىنى، جانلىرىنى پىدا قىلىۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك بەندىلىرىگە مەدەت بېرىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار بۇ قېتىملىق ئۇرۇشمۇ بەدرى غازىتىغا ئوخشاشلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. اللەنىڭ نۇسرىتىدىن سۆيۈنگەن مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئارقا مۇداپىئە سېپىدىكى ئوقياچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچە تەكىتلىگىنىگە قارىماستىن، ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈپ، ئۇرۇشۇشتىن كېيىن غەنىمەت يىغىش ئۈچۈن ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى ئەسلەشكەنلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماستىن، ئارقا مۇداپىئە سېپىنى بوش قالدۇرۇپ، بىر نەچچەيلەندىن باشقا ھەممىسى ئالدىنقى سەپكە كەتتى. ھەدەپ قېچىۋاتقان مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا سېپىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، تاغ باغرىنى بويلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى. ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن كەلگەن مۇشرىكلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان مۇسۇلمانلار ئالاقزادىلىشىپ كەتتى، نۇرغۇنلىرى قېچىشتى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېنىدىكى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر نەچچە ئەنسارى قوغداۋاتاتتى. ھەر قېتىم مۇشرىكلار ئېتىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بۇنىڭغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟» دەپ سورايتتى، ھەر قېتىم تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:« مەن، ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى.» دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەي، ئەنسارىلارغا رۇخسەت بېرەتتى، ئەنسارىلار شېھىت بولۇپ كەتكەندە، ئاندىن تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەردى. تەلھە

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىگە قىلچە پەرۋا قىلماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدايتتى.

ئاخىرى باشقا ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:«قېرىنداشلىرىڭلارغا قاراڭلار!». ساھابىلەر تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى 80 نەچچە يېرى يارىلانغان، يارىلىرىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالەتتە تېپىشتى. مانا بۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «تىرىك شېھىت» دەپ ئاتىلىشىدىكى تەسىرلىك ھېكايە ۋە پىداكارلىقىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

قۇربان بولماق  ھۇجۇم قىلماق  دەككىسىنى بەرمەك  بارگاھ  مۇداپىئە جىكىلىمەك  ئۇستۇنلۇككە ئېرىشمەك  نۇسرەت  مۇھاسىرە  ئالاقزادىلىشىش قەستلىمەك  تاقابىلتۇرماق  رۇخسەت بېرىش  پەرۋا قىلماسلىق

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

تىرىك ________، ________  جاسارەت بىلەن ________، ________

پۈتۈن كۈچى بىلەن ________، ________  مۇداپىئە ________، ________

ھەدەپ ________، ________  تەسىرلىك ________، ________

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

دەككىسىنى بېرىش  جىكىلەش  ئالاقزادە بولۇش  تاقابىل تۇرۇش  پەرۋا قىلماسلىق  ھۇجۇم قىلىش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) كىمنى « شىبھەت»دەپ ئاتايمىز؟

2) «تىرىك شىبھەت»دەپ ئاتالغان ساھابە كىم؟

3) ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا قانداق تالاپەت يەتتى؟ بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟

4) مۇشرىكلار قانداق قىلىپ مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرىگە ئالالىدى؟

5) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىملەر ، قانداق قوغدىدى؟

6) ساھابىلەر تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قانداق ھالەتتە تاپتى؟

6. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىداكارلىقى ۋە باتۇرلىقىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار، سىلەر بۇنىڭدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1 تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى چۈشەندۈرۈڭلار.

ھاياتىم ۋە ماماتىم— بارلىقى الله ئۈچۈندۇر.

پىداكارلىق مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

جەننەتكە ئالدىرىغان ئۇمەيىر ئۆزىنىڭ قېلىچىنى نورمال كۆتۈرگىدەك بولغۇچە ساقلاشقا تاقەت قىلالمىغانىدى.

تىرىك شېھىت تەلھە.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەسلەڭلار.

قۇربانلىق ماماتى شۇئار شەخسىيەتچى نەپ تەگمەك كۆڭلىنى ئالماق

www.uyghurkitap.com

ياشىنىپ قالماق پەيدا قىلىش ئايىماسلىق ئاۋاز قوشماق مۇيەسسەر

ئىزتىراپ ئەندىشە قىلماق تاقەت قىلماق ئۆتۈنمەك جان ـ جەھلى بىلەن

ھۇجۇم قىلماق دەككىسىنى بەرمەك مۇداپىئە جىكىلىمەك نۇسرەت مۇھاسىرە

قەستلىمەك تاقابىلتۇرماق پەرۋا قىلماسلىق

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

شەخسىيەتچى ________، ________ ئۇلۇغۋار ________، ________ پ

ىداكار ________، ________ روھى ________، ________

________، ________ ئىشتىياق ________، ________ جەڭچى

تىرىك ________، ________ ھەدەپ ________، ________

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

نەپ تەگمەك پىدا قىلماق كۆڭلىنى ئالماق مۇيەسسەر

بولۇش ئەنسىرەش جان ـ جەھلى بىلەن دەككىسىنى

بېرىش جىكىلەش ئالاقزادە بولۇش

5. ئۆزۈڭلارغا تەسىر قىلغان ئاللە يولىدىكى پىداكارلىق مىساللىرىدىن بىرنى تاللاپ بىر پارچە يېزىڭلار.

6. پىكىر بايان قىلىڭلار.

1) ئىنسان قانداق قىلىپ ئۆزىنى باشقىلار ئۈچۈن بېغىشلىيالايدۇ؟

2) ئىنسان بارلىقىنى كىمگە ئاتاش كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن؟


3) ياشىنىڭ كىچىكلىكى ياكى ئاجىزلىق ، ئاللە يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشتىن توسۇپ قالالامدۇ؟

4) قانداق كىشى ئاللە يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدۇ؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

7 ـ بۆلەك

# تارىختا نەزەر

زېمىندا ئىلگىرى نۇرغۇن ئىنسانلار ياشاپ ئۆتكەن. زېمىندىن ئىبارەت بۇ«سىناق سەھنىسى»گە چىققان ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى سىناقتىن مۇۋەپپىقىيەتلىك ئۆتۈپ، بىزگە ئۈلگە بولسا، بەزىلىرى سىناقتا مەغلۇپ بولۇپ، بىزگە ئىبرەت بولىدۇ. مەيلى قايسى دەۋردە بولمىسۇن، اللەنىڭ قانونىيتى ئۆزگەرمەستۇر. كىمكى اللەقا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىتائەت قىلسا، اللە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ ۋە قوغدايدۇ؛ كىمكى اللەنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىپ، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلسا، اللە ئۇنى جازالاپ هالاك قىلىدۇ؛ شۇڭلاشقا ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش ۋە اللەقا مۇكەممەل قۇلچىلىق قىلىشنى ئۆگىنىش ئەھمىيەتلىكتۇر. اللەنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىدىكى ئايەتلىرى ۋەز- نەسىھەتكە تولغان بولۇپ، بىزنى ئوخشاشلا تەقۋادارلىققا باشلايدۇ.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 19. تارىختىكى ئۈلگىلەر

اللە قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن يېتەرلىك مەلۇمات بەرگەن. ھەر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر بىزنىڭ ئۈلگىلىرىمىزدۇر. اللە ھەممىدە بىزنى ئۆرنەك ئالسۇن دەپ ، ئاشۇ ئىرادىلىك، تەقۋادار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن. پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرا يولنىڭ پىشۋالىرىدىن بولۇپ، بىزگە ناھايىتى ياخشى ئۈلگىدۇر. اللە بۇ ھەقتە بىزگە مۇنداق دەيدۇ :« ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان (مۆئمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر. » ( سۈرە مۇمتەھىنە 4 ئايەتنىڭ بىرقىسمى). ئۇنداقتا بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۇ مۆئمىنلەردىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقايلى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇدپەرەس جەمەتتىكى بىر بۇت ياسايدىغان روھانىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدە دادىسىنىڭ ياغاچ ياكى تاشلاردىن ھەرخىل سۈرەتتىكى بۇتلارنى ياسايدىغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولغانىدى. ئەمما ئۇ بۇتلار ئىبادەتخانىلارغا ئاپىرىلغاندىن كېيىن، مەئبۇدقا ئايلىنىپ قالاتتى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىشاتتى، سەجدە قىلىشاتتى. ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ياردەم قىلالايدۇ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلالايدۇ، ئۆزلىرىنى زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلايدۇ، دەپ قارايتتى. چۈنكى ئىبادەتخانا كاھىنلىرى بۇ ئىشلارنى شۇنداق دەپ تونۇشتۇراتتى. بىراق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بۇلار پۈتۈنلەي ئەقىلدىن ئازغانلىق، ئوچۇق زالالەت ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئەتراپىدىكى تەبىئەت دۇنياسى ۋە بىپايان كائىنات ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزەتتى. ئۇ مەخلۇقاتلارنىڭ بىرخىل قانۇنىيەت بويىچە ئايلىنىدىغانلىقىنى ياكى ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئۆزى

هاسىل قىلغۇدەك ئەقىل ـ پاراسىتى يوقلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۆزىدەك ئاجىز ئىنسانغا (بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ) باشقا جانلىقلارنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ ئاش ـ ئۇزۇققا موھتاج، ھېرىپ ـ چارچايدىغان، ئاغرىپ قالىدىغان ئاجىز مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن ئەمەسلىكىنى ئوبدان ھېس قىلغانىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ قەلبى شۇنداق بىر ھەقىقەت بىلەن يورۇپ كەتتى: مېنىڭ ۋە بارلىق ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدىغان، بىزگە قانۇنىيەتلەرنى بەلگىلەپ بەرگەن بىر رەببىمىز بار. ئۇ ھەممىنى مۇكەممەل بىلگۈچى، ناھايىتى كۈچ ـ قۇدرەتلىك زات، ئۇ پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئىچىدىن بىز ئىنسانلارغا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قەلب ئاتا قىلىپ، بىزنى باشقىلاردىن ھۆرمەتلىك قىلدى. بىز چوقۇم ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك.

اللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوي ـ پىكرلىرىنى ئوبدان بىلىپ تۇراتتى. اللە ئۇنىڭغا ۋەھيي نازىل قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى تېخىمۇ يورۇپ، ئۆزىنى ھەق رەببىگە بويسۇندۇردى، ئۇنى ياخشى كۆردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ۋە ئۆز ئاتىسىغا ئېيتتى:« سىلەر نېمىلەرگە ئىبادەت قىلىۋاتىسىلەر؟ ئۆزۈڭلار ياسىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلامسىلەر؟ ئۆزۈڭلارنى ياراتقان رەببىڭلارنى تونۇمامسىلەر؟» ئاتىسى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن چۆچۈپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتىسى ئازەر ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى بولۇپ روھانىي بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇلار ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ كەلگەچكە، گەرچە ھېچقانداق ئاساسى بولمىسىمۇ، بۇدلارغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇردى.

باش كاھىنلار ۋە زالىم پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدامچىلىقلىرىنى بىلىپ، ئۇلارغا قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلماقچى

www.uyghurkitap.com

بولۇشتى. ئۇلار چوڭ تونۇر ياساپ، ئوت قالاپ قىزىتىشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سېلىشىپ، دەۋىتىدىن يانمىسا ئوتقا تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھېچبىر قورقماستىن ۋە تەمتىرىمەستىن :« اللە ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي» دەپ، ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلەشمىدى. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ياۋۇزلارچە لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوتقا تاشلاشتى، اللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتنى سالقىن قىلىپ بەردى، ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسالامنى كۆيدۈرمىدى. اللەنىڭ بۇ مۆجىزىسى ئۇنىڭغا شاھىد بولغان ئەقىل ئىگىلىرىنى رەببىگە تەسلىم قىلدۇردى. ھەق ۋە دەۋەت يولىدا قەتئىي تۇرىدىغان، ھەر قانچە قىيىن ـ قىستاقلارغىمۇ پەرۋا قىلماي، اللە يولىدا تەۋرىنمەي، اللەقا تەۋەككۇل قىلىدىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئەگىشىشىمىزگە ئەرزىيدىغان ياخشى ئۈلگىدۇر.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

يېتەرلىك مەلۇمات ئۆرنەك ئىرادىلىك تەپسىلىي پىشۋا نەمۇنە بۇتپەرەس روھانىي بۇت مەئبۇد يالۋۇرماق ئىجابەت قىلماق زىيان ـ زەخمەت ئەقلىدىن ئېزىش زالالەت بىپايان ئەقىل ـ پاراسەت تەمىنلەش بەلگىلەش ۋارىس ئالدامچىلىق تەھدىد سېلىش تەمتىرىمەستىن مۇرەسسەلىشىش شاھىد بولۇش قىيىن ـ قىستاق

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

يېتەرلىك ________، ________ ئىرادىلىك ________، ________

تەپسىلىي ـــــــــــ،ـــــــــــــ          بىپايان ـــــــــــ،ـــــــــــ

ئوبدان ـــــــــــ،ـــــــــــ          ـــــــــــ،ـــــــــــ قەلب

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

يالۋۇرۇش          ئەجابەت قىلىش          ئەقلىدىن ئېزىش          مۇرەسسە

قىلىش          شاھىد بولۇش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1 ) كىم توغرا يولنىڭ پېشۋاسى، بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز ؟

2) اللە سۈرە مۇمتەھىنەدە بىزگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نېمە دېگەن؟

3) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قانداق ئائىلىدە تۇغۇلغان؟ ئۇ قانداق مۇھىتتا ئۆسۈپ چوڭ بولدى؟

4) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام رەببىنى قانداق تاپتى؟

5) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە نېمە دەپ دەۋەت قىلدى؟ ئۇلار قانداق پوزىتسىيەدە بولدى ؟

6) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا نېمە دېدى؟

7) اللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى قانداق قۇتقۇزدى؟

6. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى توپلاپ، ئۇنىڭ دەۋىتىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار.

7. سىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن قانداق تەربىيەگە ئىگە بولدۇڭلار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 20. تارىختىكى زىيان تارتقۇچىلار

تارىختا بىرگەئۆلگە بولىدىغان نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ مۆئمىنلەر ئۆتكىنىدەك، پەيغەمبەرلەر دەۋىتىگە قارشى تۇرۇپ، اللەنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان زىيان تارتقۇچىلارمۇ ئۆتكەن. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ئاد قەۋمى، سەمۇد قەۋمى، لۇت قەۋمى، پىرئەۋن قاتارلىقلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، تارىختا بەدنام قالدۇرۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئۇلىشىمىز ئۈچۈن، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولغان فىرئەۋن ھېكايىسىنى ئاڭلاپ باقايلى.

پىرئەۋن مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، موسا ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن مىسىر پادىشاھىنى قۇرئان كەرىمدە پىرئەۋن دەپلا ئاتىغان. پىرئەۋن مۇستەبىت، مىللەتچى، زالىم ھۆكۈمران بولۇپ، ئۇلارغا يات مىللەت سانالغان بەنى ئىسرائىلنى قول قىلىۋالغانىدى. ئۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ كۆچىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۇغۇلغان باللىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ قالاتتى. فىرئەۋنىنىڭ بەنى ئىسرائىلغا قىلغان زۇلۇمى ھەقىقەتەن چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاھۇ-زارىنى ئاڭلاپ تۇرغان اللە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:«مەن ئىنسانلارنىڭ رەببى اللەنىڭ ئەلچىسىمەن، بەنى ئىسرائىلنى قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى ئازاپلىمىغىن» دېدى. فىرئەۋن ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇستىلىق قىلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى چۈشەنمەس بولىۋالدى. اللە تەرىپىدىن كەلگەن روشەن مۆجىزىلەرنى سېھىرغا چىقاردى. فىرئەۋن گەرچە كۆڭلىدە موسا ئەلەيھىسسالام كەلتۈرگەن مۆجىزىلەرنىڭ ھەقىقەتەن اللە تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن چۈشكۈسى كەلمەي، ھەقىقەتكە

قارشى چىقتى. مۆجىزىلەرگە سېھىر ئارقىلىق قارشى تۇرماقچى بولدى. سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى اللە بەربات قىلغاندىن كېيىن، سېھىرگەرلەر اللەنىڭ قۇدرىتىگە باش ئەگىپ، ئىمان ئېيتتى.

پىرئەۋن بۇنىڭدىنمۇ ئىبرەت ئالمىدى. اللە فىرئەۋن ئاھالىسىگە ھەر تۈرلۈك بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئەۋەتتى. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، ئەگەر اللەقا دۇئا قىلىپ ئاپەتلەرنى كۆتۈرىۋەتسە، ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈندى. ئەمما اللە ئۇ بالالارنى كۆتۈرىۋەتكەندە، ئەھدىسىدە تۇرمىدى. ئاخىرى اللە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەنى ئىسرائىلنى باشلاپ، كېچىدە مىسىردىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرىدى. فىرئەۋن بۇنى سىزىپ قېلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقتى. مۇسا ئەلەيھىسسالاملار قىزىل دېڭىزنى بويىدا قاپسىلىپ قالدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمى:«بىز ئەمدى ھالاك بولىدىغان بولدۇق» دەپ ئويلاشتى. اللە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئۇرۇشقا بۇيرىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىۋىدى، دېڭىز شۇ ھامان ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇق يول ئېچىلدى. كاتتا مۆجىزە ۋە رەھمەت نامايەن بولدى. موسا ئەلەيھىسسالام ۋە بەنى ئىسرائىل دېڭىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. اللە دېڭىزنى شۇ پېتى قالدۇرۇشنى بۇيرىدى. فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى دېڭىزدىكى يولغا كىردى. ئۇلار دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، اللە دېڭىزنى ئەسلىگە قايتۇرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى دېڭىزغا غەرق بولدى. فىرئەۋن جان ھەلقۇمغا يەتكەندە،«مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببىگە ئىمان كەلتۇردۇم» دېدى. اللە « ئەمدى ئېيتقان ئىمانىڭنىڭ پايدىسى يوق، لېكىن ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن دۇنيادا جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز» دېدى. ھەقىقەتەن فىرئەۋنىنىڭ جەسىتى دېڭىزدىن سۈزۈۋېلىنىپ، ئەنگىلىيەدىكى بىر موزىيخانىدا ساقلانماقتا. اللە نېمىدېگەن راست ئېيتقان! اللەنىڭ ئوچۇق ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرمەي، چوڭچىلىق قىلغان پىرئەۋن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. ئۇ ئاخىرەت كۈنى دوزاخ ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى

تارتقۇچىدۇر. الله بىزنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئازغۇنلىقىدىن ساقلىسۇن.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

دۇچار بولۇش  بەتنام  مىسىر  چەكتىن ئاشماق  ئاھۇ-زار  ھەددىدىن ئېشىش
ئۇستاتلىق قىلىش  ئىتراپ قىلىش  ھىيلە-مىكىر  بەربات قىلىش  ئاھالە
بالايى-ئاپەت  ئەھدە  سىزىپ قىلىش  قاپسىلىپ قېلىش  ھالاك بولۇش  شۇ پېتى
قاپ ئوتتۇرا  غەرق بولۇش  جان ھەلقۇمغا يېتىش  مۇزىخانا  ئازغۇنلۇق

3 تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بېرىكمىسى تۈزۈڭلار.

سالىھ ______،______  مۇستەبىت ______،______

چوڭچى ______،______  تىگىشلىك ______،______

______،______ مۆجىزە  ______،______ ئازغۇنلۇق

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

دۇچار بولماق  چەكتىن ئاشماق  ئۇستاتلىق قىلماق  قاپسىلىپ قالماق
سىزىپ قالماق

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) تارىختا قايسى زىيان تارتقۇچى قەۋملەر ئۆتكەن؟

2) فىرئەۋن كىم ؟

3) فىرئەۋن بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە قانداق زۇلۇم قىلغان؟

4) مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋنگە نېمە دېدى؟ فىرئەۋن قانداق پوزىتسىيەدە بولدى؟

5) فىرئەۋن اللەنىڭ مۆجىزىلىرىگە قانداق قارشى تۇردى؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

6) ئاللاھ فىرئەۋىن ئاھالىسىگە ئاپەت ئەۋەتكەندە، ئۇلار قانداق قىلدى؟

7) ئاللاھ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى قانداق قۇتقۇزدى؟ فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى قانداق جازالىدى؟

6. فىرئەۋىنىنىڭ ھېكايىسىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئالغان تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 21. ئورەك ئىگىلىرى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان بىر سېھىرگىرى بار ئىكەن، سېھىرگەر پادىشاھقا ئۆز سېھىرىنى ئۆگىتىپ ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىش ئۈچۈن، بىر بالا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ بىر بالىنى تالالاپ، سېھىرگەرگە شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. بالا سېھىرگەرنىڭ يېنىغا بېرىش يولىدا بىر راھىپقا ئۇچراپ قاپتۇ. بالا كۈندە راھىپ بىلەن كۆرۈشىدىغان بوپتۇ، سېھىرگەر بالىنىڭ كېچىكىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ، بالىغا ئاچچىقلاپتۇ. بالا راھىپقا بۇنى ئېيتىپتۇ، راھىپ ئۇنىڭغا: «سېھىرگەرگە ئۆيدىكىلەر تۇتىۋالدى دېگىن، ئۆيدىكىلىرىڭگە بولسا سېھىرگەر تۇتۇپ قالدى دېگىن» دەپتۇ. بالا شۇنداق قىلىپ داۋاملىق راھىپتىن دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى بالا يولنى بىر چوڭ مەخلۇقنىڭ توسىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بالا« بۈگۈن راھىپ بىلەن سېھىرگەرنىڭ قايسىسى توغرا يولدا ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپتۇ- دە، مۇنداق دۇئا قىپتۇ: «ئى ئاللاھ، راھىپنىڭ يولى سېھىرگەرنىڭكىدىن ياخشى

بولسا، يولدىكى مەخلۇقنى يوقىتىپ، يولنى ئېچىپ بەرگىن». دەرۋەقە، اللە ھېلىقى مەخلۇقنى يوق قىلىپ، يولنى ئېچىپ بېرىپتۇ. اللەنىڭ روشەن بىشارىتىنى كۆرگەن بالا اللەقا ھەمدۇ ئېيتىپتۇ ۋە بۇ ۋەقەنى راھىپقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. راھىپ ئۇنىڭغا:« ئوغلۇم، بۈگۈن سەن مەندىن ئېشىپ كېتىپسەن، ئەگەر بۇ يولدا سىنالساڭ، مېنى ئاشكارىلاپ قويمىغىن» دەپتۇ.

بالا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقىلارنى اللەنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىپ، دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ بىر يېقىن ئادىمىنىڭ كۆزى ئەما بولۇپ قاپتۇ. باشقىلار شۇ بالىنىڭ يېنىغا بېرىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. بالا ئۇنىڭغا:«كۆزۈڭنى مەن ئاچالمايمەن، سېنى ياراتقان اللەقا ئىمان ئېيتقىن، اللە سېنىڭ كۆزۈڭنى ئاچىدۇ» دەپتۇ. ئۇ كىشى « بىر اللەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دەپ ئىمان كەلتۈرۈپتۇ. اللە دەرۋەقە ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئۇ ئوردىغا قايتقاندا، پادىشاھ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قانداق ئېچىلغانلىقىنى سورىغاندا،ئۇ :« كۆزۈمنى اللە ئاچتى» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، پادىشاھ بالىنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ، ۋە بالىغا:« ئوغلۇم، سېنىڭ سېھرىڭ شۇنچە كامالەتكە يېتىپتۇكى، ئەمانىڭ كۆزىنى ئاچالايدىغان بولۇپ كېتىپسەن» دەپتۇ. بالا:«ياق، كۆزلەرنى پەقەت مېنى ياراتقان رەببىم ئاچالايدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ :« بالىنى تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىڭلار! ئەگەر ئۇ اللەنىڭ دىنىدىن يانسا قايتۇرۇپ كېلىڭلار، بولمىسا تاغدىن تاشلىۋېتىڭلار! » دەپتۇ. بالا:« ئى رەببىم، مېنى قايسى ئۇسۇلدا قۇتقۇزساڭ قۇتقۇزغىن» دەپ دۇئا قىپتۇ. تاغنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن دومىلاپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ، بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا قايتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ئادەملىرىگە:« بالىنى دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرسىغا ئاپىرىپ، ئەگەر ئۇ اللەنىڭ دىنىدىن يانسا قايتۇرۇپ كېلىڭلار، بولمىسا دېڭىزغاتاشلىۋېتىڭلار!» دەپتۇ. بالا يەنە يۇقىرىقىدەك دۇئا قىپتۇ. دېڭىزنىڭ قاپ

ئوتتۇرسىغا بارغاندا، ئاللەنىڭ ئىزنى بىلەن پادىشاھنىڭ ئادەملىرىنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىپ، بالىنى ساقلاپ قاپتۇ. بالا يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا قايتىپ بېرىپتۇ. بالىنى يەنە قايتا كۆرگەن پادىشاھ ئاچچىقىدا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بوپتۇ. بالا پادىشاھقا:« مەن دېگەندىن باشقا ئۇسۇلدا مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن» دەپتۇ. پادىشاھ:« قانداق ئۇسۇل بىلەن؟» دەپ سوراپتۇ، بالا:« كىشىلەرنى يىغىپ، مېنى بىر خورما دەرىخىگە ئاسىسەن ـ دە،‹بالىنىڭ رەببىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن› دەپ ئوق ئاتقىن» دەپتۇ.

پادىشاھ بالىنىڭ دېگىنى بۇيىچە، بارلىق كىشىلەرنى يىغىپ، بالىنى خورما دەرىخىگە ئېسىپتۇ، كىشىلەر ئارىسىدا بالا توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك تارقىلىپ كەتكەنىكەن، شۇڭا كىشىلەر تەقەززالىق بىلەن نەتىجىسىگەقاراپ تۇرۇشۇپتۇ. جاللات:« بالىنىڭ رەببىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دەپ ئوق ئېتىپتۇ. ئوق بالىنىڭ پىشانىسىگە تېگىپتۇ، بالا:«اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق» دەپ جان ئۈزۈپتۇ. كىشىلەرگە اللەنىڭ قۇدرىتى نامايەن بوپتۇ، چۈنكى پادىشاھ ھەرقانچە قىلىپ ئۆلتۈرەلمىگەن بالىنى، الله ئۆز ئىسمى بىلەن جېنىنى ئالغانىدى. كىشىلەر بالىنىڭ رەببى اللەقا ئىمان ئېيتىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى پادىشاھقا:« مانا سەن قورققان ئىش يۈز بەردى، كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ ، اللەنىڭ دىنىغا كىرىۋاتىدۇ» دەپتۇ. پادىشاھ كىشىلەرنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن، شەھەر كوچىلىرىغا ئورەكلەرنى قازدۇرۇپ، ئوت ياقتۇرۇپ، ئاندىن كىشىلەرنى يىغىپ، ئىماندىن يېنىشقا زورلاپتۇ، يانمىسا ئۇلارنى ئوتقا تاشلاپتۇ. زالىملار مۆئمىنلەرنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا چۈشكىنىنى تاماشا قىلىپ كۆرۈپ تۇرۇشۇپتۇ. الله ئوتقا تاشلانغان مۆئمىنلەرنى نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەت بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ. ئوت ئورەك ئىگىلىرىنى ناھەيىتى قىززىق دوزاخ ئوتىغا تاشلاپ جازالاپ، قىلغان يامان ئەمەلىنىڭ جازاسىنى تېتىتقۇزۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى تارقاتقۇچىسى

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

شاگىرت راھىب ئەھكام ئىسپاتلاش دەرۋەقە بىشارەت سىنالماق شۇندىن ئىتىۋارەن مەسلىھەت ئوردا سۇرۇشتۇرۇش كامالەتكە يېتىش دەرغەزەپ بولۇش دومىلاش ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولۇش سۆز ـ چۆچەك تەقەززالىق بىلەن جالالات قۇدرەت توپ ـ توپ بولۇپ تاماشىشا

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

روشەن ______، ______      ______، ______ بىشارەت

زالىم ______، ______      توپ ـ توپ بولۇپ ______، ______

______، ______ جازا      ______، ______ ئوت

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

شاگىرت بولماق ئىسپاتلىماق سۈرۈشتۈرمەك كامالەتكە يەتمەك دومىلىماق

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) بالا سېھىرگەرگە شاگىرت بولۇش جەريانىدا، كىمدىن نېمىلەرنى ئۆگەندى؟

2) بالىغا سېھىرگەر بىلەن راھىپنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكى قانداق ئاشكارە بولدى؟

3) ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزى قانداق ئېچىلدى؟

4) ھەق دىندىكى راھىپ ۋە ئوردا ئەمەلدارى ھەق دىندا قانداق چىڭ تۇردى؟

5) زالىم پادىشاھ بالىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇللارنى قوللاندى؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

6) بالا ئاخىرى قانداق ئۆلتۈرۈلدى؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

6. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار، ئاندىن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار.

1) بالىنىڭ ئۆز ئۆلىمى ئارقىلىق اللەنىڭ ھەق ئىلاھلىقىنى خەلققە نامايەن قىلىشىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟

2) دىندىن قايتماي، ئوتقا چۈشكەن مۆئمىنلەردىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى شەخسلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭلار.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام    فىرئەۋن    مۇسا ئەلەيھىسسالام    ئورەك ئىگىلىرى

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەسلەڭلار.

يىتەرلىك  مەلۇمات  پىشۋا  نەمۇنە  روھانىي  مەئبۇد  زىيان-زەخمەت  زالالەت  بىپايان  بەلگىلەش  تەھدىد سېلىش  مۇرەسسەلىشىش  دۇچار بولۇش  بەتنام  ئاھۇ-زار  ئۇستاتلىق قىلىش  ئىتراپ قىلىش  بەربات قىلىش  قاپسىلىپ قېلىش  ھالاك بولۇش  جان ھەلقۇمغا يىتىش  شاگىرت  ئىسپاتلاش  بىشارەت  سىنالماق  سۇرۇشتۇرۇش  كامالەتكە يىتىش  دەرغەزەب بولۇش  تاماشا

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

يىتەرلىك ________،________    ئىرادىلىك ________،________

بىپايان ________،________    سالىھ ________،________

مۇستەبىت ________، ________ تىگىشلىك ________، ________

________، ________ بىشارەت جازا ________، ________

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئەقلىدىن ئېزىش مۇرەسسەلىشىش يالۋۇرۇش دۇچار بولماق ئۇستاتلىق قىلماق قاپسىلىپ قالماق شاگىرت بولماق ئىسپاتلىماق كامالەتكە يەتمەك

5. تەپەككۇر مەشقلىرى( سېلىشتۇرۇش)

شەيئىلەر ۋە ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغاچقا، پەرقلىق جايلارغا ئىشلىتىلىدۇ. پەرقلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ. تۆۋەندىكى شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تاللاڭلار ۋە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭلار.

| | اللەنى تونامدۇ يوق | اللە ۋەھىي نازىل قىلدىمۇ يوق | ياخشى ئىش قىلدىمۇ يوق | اللەقا بويسۇنامدۇ يوق |
|---|---|---|---|---|
| ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام | | | | |
| فىرئەۋن | | | | |
| ئورەك ئىگىلىرىدىكى زالىملار | | | | |
| ئورەك ئىگىلىرىدىكى بالا | | | | |

6. پىكىر بايان قىلىڭلار

1) ئىنسانلار زىمىندا مەڭگۈ ياشامدۇ؟ دەلىلىڭىز نېمە؟

2) زىمىن ئىنسانلار كېلىپ ـ كېتىدىغان «مېھمانخانا» بولغانىكەن، زىمىندا ياشاشنىڭ ئەھمىيتى نېمە؟ تارىختا ئۆتكەن ياخشى ـ يامان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىڭلار.

3) تارىختا ئۆتكەن كىشىلەر ، قەۋملەر ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ قانداق ئەھمىيتى بار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

www.uyghurkitap.com

8 ـ بۆلەك

# سەبىر ـ چىدامچانلىق




سەبىر ـ ئەرەپچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، چىدامچان ۋە ئىرادىلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. سەبىر ھەرگىزمۇ ھېچ ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرۇشنى، ئۆزىنى تاشلىۋېتىشنى كۆرسەتمەيدۇ؛ ئەكسىچە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ۋاز كەچمەي، بەرداشلىق بېرىش ئارقىلىق ئۆز غايىسىگە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۆئمىن اللەنىڭ رازىلىقىغا يېتىشتىن ئىبارەت غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن، تاكى رەببىگە مۇلاقات بولغانغا قەدەر سەبىر قىلىشى كېرەك بولىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتكە، ناچار شارائىتقا سەبىر قىلىشى كېرەك بولىدۇ. اللە تەرىپىدىن كەلگەن ھەر خىل مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش كېرەك. گۇناھ ـ مەئسىيەت ئالدىدا شەيتان ۋە نەفسىنىڭ اللەقا ئاسىيلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇشىغا سەبىر قىلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ شەيتاننىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشماسلىق كېرەك. دۇشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا سەبىر ـ تاقەت قىلىش كېرەك. اللە مۆئمىنلەرنى بۇ دۇنيادا قىلغان سەبرى تۇپەيلى جەننەتكە داخىل قىلىدۇ .

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# 22.الله سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر

« ئى مۆئمىنلەر، اللەتىن سەبىر ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، الله ھەقىقەتەن سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر »( سۈرە بەقەرە، 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئۇماق قېرىنداشلار، سىلەر اللەنىڭ سىلەر بىلەن بىللە بولۇشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ كىشىگە اللەنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولىشىدىنمۇ ئارتۇق شەرەپ ، ئىززەت بارمۇ ؟ الله بىللە بولغان كىشىلەر نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە! كىمكى اللەنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشىنى ئۈمىد قىلسا، سەبىر قىلغۇچىلاردىن بولسۇن!

سەبىر قىلىش دىمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلىش ھەرگىزمۇ ئاسان ئەمەس. قەلبى گۈزەل، بۈيۈك نىسىۋە ئىگىسىلا سەبىرگە مۇۋەپپەق بولالايدۇ. قەلبى ئىمان بىلەن نۇرلانغان، اللەنىڭ مۇھەببىتى بىلەن گۈزەللەشكەن قەلب ئۆزى ئېرىشكەن بۇ نېئمەتلەرگە شۈكرى قىلىدۇ. الله بويرىغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش قىيىن بولۇپ قالغان شارائىتتىمۇ، ئۇ ھەرگىز مۇشەققەت ھېس قىلمايدۇ، چۈنكى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن زاتنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت قىزغىن ئىشتىياق الله يولىدىكى جاپالارنى، ئۇنىڭغا شەرەپ ھېس قىلدۇرىدۇ. اللەنى ۋە اللەنىڭ نېئمەتلىرىنى تونىغان ئىمان ئىگىسى، ئەگەر الله شۇ نېئمەتلەرنىڭ مەلۇم بىرسىنى قايتۇرىۋالسا ياكى كېمەيتىۋەتسە، ھەرگىز اللەتىن ئاغرىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ اللەنىڭ ھەممىنىڭ ھەق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى اللەنىڭ ھەقسىز بەرگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ اللەقا مۇھتاج، سورىغۇچى ئىكەنلىكىنى، اللەنىڭ مۇتلەق پادىشاھ ئىكەنلىكىنى، ئۆز مۈلكىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغاندۇر. الله تەرىپىدىن كەلگەن مۇسىبەتلەرنى ھەرگىزمۇ ھەقسىزلىق دەپ قارىماستىن، بەلكى اللەنىڭ ئۆزىدىكى ئۇ نېئمەتتىن مەلۇم ۋاقىت بەھرىمەن

قىلغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىر مۆئمىنگە نىسبەتەن اللە ئۇ ئەڭ چوڭ بىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئەڭ مۇھىم بولغان زاتتۇر. چۈنكى اللە ئۇنى يوقتىن بار قىلدى، چىرايلىق قامەت، گۈزەل تۇرۇق ئاتا قىلدى. بەدىنىنى بىجىرىم، ساغلام قىلدى. ئۇنىڭغا ئۆزىدىن جان ئاتا قىلدى، ئۇنىڭغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئىنسانىي تۇيغۇلارنى بەردى. ئۇ ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسىنى ئۇ سورىمىسىمۇ، ئېھسان قىلىپ بېرىۋەردى. شۇنداق بولغانىكەن، مۆئمىن ئۆز ئۇستىدە اللەنىڭ ھەققىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، اللە ئۈچۈن باشقىلاردىن ۋە ئۆزىدىن ۋاز كېچىشنى ھەقلىق، توغرا دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەفسى ياقتۇرسىمۇ، شەيتان ۋەسۋەسە قىلسىمۇ، اللەنىڭ بويرىقىغا بويسۇنۇپ، نەفسىگە ۋە شەيتانغا ئاسىي بولىدۇ. مۆئمىن ھاياتىدا بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا، اللەتىن ياردەم تىلەپ ئۈمىدۋار ياشايدۇ، چۈنكى ئۇ ھامىنى اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. دۇنيادىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق، مۆئمىن ئادەم اللەنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن . ئۆزگە نادانلىق قىلغانلارنى، ئەرزىيەت بەرگەنلەرنى كەچۈرىۋېتىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايدۇ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتىدۇ. مانا بۇلار سەبىر قىلىشتۇر، مۆئمىن «ھەممە اللەنىڭ مۈلكى بولغىنىغا ئوخشاش، مەنمۇ اللەنىڭ مۈلكىدۇرمەن، اللە مېنى خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر؛ بۇ دۇنيا نېمە بولسا بولسۇن، مەن ھامىنى اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىمەن، اللەنىڭ دەرگاھىدىكى جەننەت نېمىدېگەن ياخشى ماكان ـ ھە! يەنى بىز اللەنىڭ ئىلكىدىدۇرمىز، قايتىدىغان جاي اللەنىڭ دەرگاھىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق سەبىر قىلالايدۇ. سەبىر ئاچچىقتۇر، ئەمما ئۇنىڭ مېۋىسى تاتلىقتۇر. اللە بىز بەندىلىرىنى توغرا يولدا پۈتۈن ھاياتىمىزدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەبىر قىلغانلىقىنى مۇكاپاتلاپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

ئىززەت بۈيۈك مۇۋەپپەق بولۇش مەلۇم ئاغرىنماق تەسەررۇپ قىلىش مۇسىبەت بەھرىمەن قىلىش تەشەككۇر قامەت تۇرۇق تۈيغۇ ۋاز كېچىش ۋەسۋەسە ئاسىي ئۈمۈشسىزلىق ئۈمىدۋار نادانلىق ئەرزىيەت ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇش

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

مەلۇم ________،________ ________،________ قامەت

________،________ تۇرۇق ئۈمىدۋار ________،________

نادان ________،________ خالىغانچە ________،________

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئاغرىنىش مۇۋەپپەق بولۇش ئۈمۈشسىزلىق ئىنتىقام ئەرزىيەت تەسەررۇپ قىلىش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئاللە بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

2) قانداق كىشى سەبىر قىلالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

3) مۆئمىن ئىبادەتتىكى قىيىنچىلىقلارغا قانداق سەبىر قىلالايدۇ؟

4) مۆئمىن ئاللە تەرىپىدىن كەلگەن مۇسىبەتلەرگە قانداق سەبىر قىلالايدۇ؟

5) مۆئمىن قانداق قىلىپ ئەرزىيەت، جاھىللىقلارغا سەبىر قىلىپ، ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتىدۇ؟

6) مۆئمىن قانداق قىلىپ نەفسى ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئالدىدا سەۋر قىلالايدۇ؟

6. سەبىر قىلىش قانداق بولىدۇ؟ سەبىر قىلىشنى ياخشى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، سەبىر قىلغۇچىلاردىن بولۇڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 23. سەبىر نېمىدېگەن ياخشى نېئمەت

«الله بىر كىشىگە ئىماندىن كېيىن سەبىردەك ياخشى نېئمەت ئاتا قىلمىدى» (ھەدىس). الله بىزنى سەبىر قىلىشقا بۇيرىدى. پەيغەمبىرىمىز سەبىر قىلىشتى بىزلەرگە ياخشى ئۈلگە بولۇپ، بىزنى سەبىرگە چاقىردى. چۈنكى سەبىر بىر ئىنساننىڭ ھايات يولىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىدۇر. ئىمان كىشىگە توغرا ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بەرسە، سەبىر شۇ توغرا ھايات يولىدا مېڭىشتىكى ئۇزۇق ـ تۈلۈكتۇر. يول خەرىتىسى بولمىغان يولۇچى ئەلۋەتتە يولدىن ئازىدۇ، يول خەرىتىسى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئۇزۇق ـ تۈلۈك بولمىسا، يولۇچى كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ.

الله بۇ دۇنيانى سىناق ھاياتى قىلدى. نەفىس ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرگە چەك قويدى. ئىنسانغا نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى سالدى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى، ئاندىن ياخشى كۆرىدىغان ئۇ نەرسىلەردىن ئايرىيدۇ، الله ئىنساننى نەفسىگە قىزىقىشقا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىدى. الله ئىنساننى نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلدى. بۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلماق ۋە ئۇنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرماق، ئىرادە تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشتۇر. چۈنكى توغرا يولنىڭ دۇشمەنلىرى

كۆپتۇر. توغرا يولغا قەدەم تاشلىغان ئادەم چوقۇم قارشىلىققا، قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرايدۇ. توغرا يولدا بەقارار مېڭىش ئۈچۈن سەبىر قىلىش، بەرداشلىق بېرىش لازىم. اللە بىزنى ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىتاتمەن مۆئمىنىمۇ ياكى پەقەت كۆڭلىدە ياكى ئاغزىدا ئىشىنىپ قويغان، ئەمەلىيەتتە بولسا تەستىق قىلمىغان يالغانچىمۇ، بىلىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك سىناقلار بىلەن ھەر ۋاقىت سىنايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتتا سىنىلىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن:« ھەر كىشى ئىمانىغا يارىشا سىنىلىدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سىناقلىرى ئەڭ قىيىن بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا ئىمانى كۈچلۈك مۆئمىنلەرنىڭ سىناقلىرى ئېغىر بولىدۇ؛ ئىمانىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ سىناقلىرى ئېغىر ـ يېنىك بولىدۇ». بۇ ھەدىس بىزنى سىناقلارغا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىپ سەبىر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. سىناق ئەمەلىيەتتە ئىمانىمىزنىڭ سىنىلىشىدۇر.

اللە مۇۋەپپەقىيەتنى سەبىر قىلىشقا، چىدامچان بولۇشقا باغلاپ قويغان. ھەر ئىشتا سەبىر بولمىسا، ھېچبىر نەتىجىسى بولمايدۇ. اللەقا ئىبادەت قىلىش يولىدىكى سەبىر تېخىمۇ زۆرۈردۇر. سەبىر قىلساقلا اللەنىڭ ياردىمى كېلىدۇ، اللە سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. شۇڭا كىمكى سەبىر قىلىپ ھەق يولدا چىڭ تۇرىدىكەن، ئۇ بەختكە ئېرىشىدۇ. سەبىر ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. سەبىر نېمىدېگەن ياخشى نېئمەت ـ ھە!

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

مۇۋەپپەقىيەتلىك كەم بولسا بولمايدىغان ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئازماق كۆزلىگەن

مەنزىل چەك قويۇش خىلاپلىق قىلىش تەكلىپ قىلىش مۇددەت بەرقارار

تەستىق مۇقەررەر يارىشا ئىلھاملاندۇرۇش سىنتاش چىڭ تۇرۇش

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

______، ______ سىناق ______، ______ دەرىجە

ئۇزاق ______، ______ كۆزلىگەن ______، ______

______، ______ ئىرادە چىدامچان ______، ______

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

چەك قويماق كەم بولسا بولمايدىغان مۇقەررەر ئىلھاملاندۇرۇش سىنتاش

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) بىر ئىنسانغا ئىماندىن كېيىن بېرىلگەن ئەڭ ياخشى نېئمەت نېمە؟

2) ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى يولۇچىنىڭ سەپىرىگە ئوخشاتساق، ئىمان ۋە سەبىر ئايرىم-ئايرىم نېمىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ؟

3) اللە بىزنى قايدى جەھەتلەردىن سىنايدۇ؟

4) ھەق يولدا ماڭغۇچىلار نېمە ئۈچۈن سەبىر قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ؟

5) مۆئمىنلەرنىڭ بۇ دۇنيادا سىناقلارغا ئۇچرىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

6) اللە نېمىنى مۇۋەپپەقىيەتكە يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىل قىلدى؟

6. اللە سەبىر قىلىشقا چاقىرغان ئايەتلەرنى توپلاپ، سەبىر قىلىشنىڭ مۆئمىنلەرنىڭ مۇھىم بىر سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار، سەبىر قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرۈڭلار ۋە سەبىر قىلىشقا ئىرادە باغلاڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ



www.uyghurkitap.com

# 24. ئەھزاب ئۇرۇشىدىكى چىدامچانلىق

ئاللاھ بۇ دۇنيانى ھەقنى تونۇپ، ئۇنىڭدا سابىت بولغان بەندىلىرىنى تاللايدىغان غەلۋىر قىلدى. كىمكى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىكەن، ئۇنى ئاللاھ ئىمانىدا چىڭ تۇرامدۇ ياكى ئاسانلا ۋاز كېچەمدۇ، سىنايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە خەۋەر قىلىپ، مۆئمىن ھاياتىدا توختىماي سىنىلىپ، ھەتتاكى بارچە گۇناھلىرىدىن پاك بولغان ھالەتتە رەببىگە ئۇچرىشىدۇ، دېگەن. سىنىلىش-مۆئمىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئىشتۇر. سىناقلار نەتىجىسىدە مۆئمىن ئىمانىدا تېخىمۇ سابىت بولىدۇ، رەببىگە تېخىمۇ چىڭ يېپىشىدۇ، ئەڭ گۈزەل شەكىلدە بويسۇنىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى بولغان ساھابىلەرنى ناھايىتى قاتتىق سىنىغانىدى، بۇ ئېغىر سىناقلارنىڭ بىرى ئەھزاپ ئۇرۇشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئىسلامىي ھاكىمىيەت قۇردى. قۇرەيش كاتتىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىيىشىنى، ئىسلامنىڭ زەپەر قۇچىشىنى پەقەت ياقتۇرمايتتى. بەدرى، ئۇھۇد ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن، قۇرەيش كافىرلىرى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان بارلىق كۈچلەرنى كۈشكۈرتۈپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىردى. قۇرەيش كافىرلىرى، يەھۇدىيلار ۋە باشقا ئەئرابىي قەبىلىلەردىن ئون مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەدىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن بۇ زور قوشۇنغا خەندەك ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلدى. ساھابىلەر ئاچارچىلىق بولىۋاتقان بۇ مەزگىلدە، كۈچنى-كۈچكە ئۇلاپ، تىرىشىپ خەندەك كولاشتى. خەندەكنى چوڭقۇر، مۇئەييەن كەڭلىكتە كولىمىسا ئەسقاتمايتتى. گەرچە ئەمگەك جاپالىق بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ھەرگىز بوشىشىپ قالمىدى. ھېرىپ كەتكەندە شۇنچە دەم ئالغۇسى، يېتىۋالغۇسى كەلسىمۇ،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىداپ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىم قىلالمىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلىپ بېرەتتى. بۇ ساھابىلەرگە تېخىمۇ ئىلھام بولاتتى. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خەندەك پۈتتى.

مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىتتىپاقداش قوشۇن مەدىنە ئەتراپىغا بارگاھ قۇرۇشتى، دۈشمەنلەر خەندەكنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى، ئاتلار خەندەكتىن ھۈركۈپ، ئارقىغا داجىشتى. خەندەكتىن ئۆتۈشكە تەمشەلگەن بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكەر، خەندەككە سېيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. بارلىق ساھابىلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك ئەتراپىدا مۇداپىئەدە تۇرۇشتى. ئاياللار ۋە بالىلاردىن باشقا ھەممەيلەن ئۇرۇشقا چاقىرىلغانىدى، ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى، چۈنكى ئەھۋال ناھايىتى جىددىي بولۇپ، سەل بىخەستىلىك قىلىسىلا، دۈشمەنلەر خەندەكنى بۇزۇشقا، شەھەرگە بۆسۈپ كىرىشكە تىرىشاتتى. مۇسۇلمانلار كېچە ـ كۈندۈز خەندەكنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇدا يىگىرمە نەچچە كۈن بەرداشلىق بېرىشتى. قوشۇن ئارىسىغا مۇناپىقلار ھەرخىل پىتنە ـ پاساتلارنى تارقىتىپ يۈرۈشەتتى. مۇشۇنداق جاپالىق ئەھۋالدا، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە چىن ئىشىنىدىغان سادىق مۆئمىنلەردىن باشقىسى بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

بۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئىمانى ھەقىقەتەن سىنالغانىدى، ئاللاھ بۇ سىناقلارنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:« ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۆئمىنلەر سىنالغان ۋە بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك، قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى» (سۈرە ئەھزاب،10 ـ 11 ـ ئايەتلەر). مۇناپىقلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرى بەزى ئىمانى سۇس كىشىلەرنى تەۋرىتىپ قويغانىدى. ئەمما ئاللاھقا چىن ئىشەنگەن، ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ غەلىبىدىن ئىبارەت ۋەدىسىگە چىن ئىشەنگەن راستچىل

مۆئمىنلەر مۇستەكەم پوزىتسىيەدە بولدى. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«بۇ (قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلىش) اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ اللەقا بولغان ئىمانى ۋە اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى»(سۈرە ئەھزاپ 22 ـ ئايەت).

دەرۋەقە اللە مۆئمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسىنى راستقا چىقاردى. اللە ئۆز ھېكمىتى بىلەن بىرلەشمە قوشۇن ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى ۋە ئۇلارغا شىۋىرغان ئەۋەتتى. بۇ ئۇرۇشتا مۆئمىنلەر اللەقا بولغان ئىمانى ۋە سەبىر تاقىتى بىلەن ئۇرۇشىسىزلا غەلبىگە ئېرىشتى. اللە ھەقىقەتەن سەبىر قىلغۇچىلار بىللىدۇر.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، جانلىق ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

سابىت قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئەزاب ھاكىمىيەت زەپەر قۇچۇش كۈشكۈرتۈش بىرلەشمە تەشكىللەنمەك تاجاۋۇز قىلماق خەندەك قارار قىلماق مۇئەييەن ئەسقاتماق ھېرىپ كەتمەك ھاڭ ـ تاڭ قالماق ھۇركۈمەك ئارقىغا داجىماق سېپىلماق بىخەستەلىك قىلماق قېرىشماق پىتنە ـ پاسات تېرىماق ئىغۋا شىۋىرغان

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ________، ________ سابىت ________، ________

ھاكىمىيەت ________، ________ بىرلەشمە ________، ________

مۆئەييەن ______، ______ پىتنە- پاسات ______، ______

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

زەپەر قۇچۇش　　كۈشكۈرتۈش　　ھۇركۈمەك　　سىيرىلىپ كەتمەك

بىخەستىلىك قىلماق　　قېرىشماق

5. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) اللە مۆئمىنلەرنى نېمە ئۈچۈن سىنايدۇ؟

2) كىملەر قانچىلىك قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللىدى؟

3) مۇسۇلمانلار بىرلەشمە قوشۇنغا قانداق تاقابىل تۇرماقچى بولدى؟

4) خەندەك كولاش جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر قانداق ئىشلىدى؟

5) ئەھزاپ ئۇرۇشى داۋامىدا ساھابىلەر قانداق قىلدى؟ مۇناپىقلارچۇ؟

6) اللە قانداق يول بىلەن مۆئمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بەردى؟

6. سۈرە ئەھزاپتىكى ئايەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەھزاپ ئۇرۇشىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار ۋە تەسىراتىڭلارنى سۆزلەڭلار.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى ئايەت، ھەدىسلەرنى چۈشىنىپ يادلىۋېلىڭلار ۋە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

ئى مۆئمىنلەر، اللەتىن سەبىر ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، اللە ھەقىقەتەن سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. (سۈرە بەقەرە، 153 ـ ئايەت)

بىز اللەنىڭ ئىلكىدىدۇرمىز، قايتىدىغان جاي اللەنىڭ دەرگاھىدۇر.(سۈرە بەقەرە، 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

«اللە بىر كىشىگە ئىماندىن كېيىن سەبىردەك ياخشى نېئمەت ئاتا قىلمىدى» (ھەدىس).

« ھەر كىشى ئىمانىغا يارىشا سىنىلىدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سىناقلىرى ئەڭ قىيىن بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا ئىمانى كۈچلۈك مۆئمىنلەرنىڭ سىناقلىرى ئېغىر بولىدۇ؛ ئىماننىڭ دەرىجىسىگە قاراپ سىناقلىرى ئېغىر ـ يېنىك بولىدۇ»(ھەدىس).

« ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، اللە ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۆئمىنلەر سىنالغان ۋە بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك، قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى» (سۈرە ئەھزاپ،10 ـ 11 ـ ئايەتلەر).

«بۇ (قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلىش) اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ اللەقا بولغان ئىمانى ۋە اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى»(سۈرە ئەھزاپ 22 ـ ئايەت).

3ـ تېكىستتىكى بىر هەدىس ۋە ئىككى ئايەت

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەسلەڭلار.

ئىززەت بۈيۈك مۇۋەپپەق بولماق ئاغرىنماق تەسەررۇپ قىلىش تۇيغۇ ۋاز كېچىش ئۇڭۇشسىزلىق نادانلىق ئەرزىيەت ئىنتىقام ئۇزۇق ـ تۈلۈك مەنزىل چەك قويۇش خىلاپلىق قىلىش تەكلىپ قىلىش بەرقارار مۇقەررەر ئىلهاملاندۇرۇش چىڭ تۇرۇش سابىت ئەهزاب زەپەر قۇچۇش كۈشكۈرتۈش تاجاۋۇز قىلماق مۇئەييەن ئەسقاتماق هۆركۆمەك داجىماق بىخەستەلىك قىلماق ئىغۋا

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

ئۈمىدۋار ________، ________ نادان ________، ________

________، ________ قامەت خالىغانچە ________، ________

چىدامچان ________، ________ كۆزلەنگەن ________، ________

ــ سابىت ________، ________ مۇئەييەن ________، ________

هاكىمىيەت ________، ________

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئاغرىنىش مۇۋەپپەق بولۇش ئەرزىيەت چەك قويماق مۇقەررەر

ئىلهاملاندۇرۇش زەپەر قۇچۇش كۈشكۈرتۈش بىخەستىلىك قىلماق

5. ئۆزۈڭلارغا تەسىر قىلغان چىدامچانلىقتا ئۆرنەك بولىدىغان بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ، قىسقا بىر پارچە ماقالە يېزىڭلار.

6. پىكىر بايان قىلىڭلار.

1) مۆئمىنلەر نېمە ئۈچۈن سەبىر قىلىشقا ئېهتىياجلىق؟

2) مۆئمىن كىشى سەبىر قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەرسىلەرنى قانداق يېڭىدۇ؟

3) سەبىرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

**ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، رەببىمىز سېنى پاك دەپ مەدھىيلەيمىز، سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، رەببىمىز ئىلمىمىزنى زىيادە قىلغىن، بىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن.**